


# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

# المسلم الصيني

1

1987



مۇئاۋن زۇڭلى ۋەن لى دۇنيا
مۇسۇلمانلرى كېڭەشنىڭ
رەئسى مەرۇپ بلەن كۆرۈشتى.
(ۋاڭ سۇڭ فوتوسى)



مەملكەتلك سياسى مەسلەھەت
كېڭەشنىڭ مۇئاۋن رەئسى،
جۇڭگو ئسلام جەمئيتنىڭ پەخرى
مۇدرى بۇرھان شەھدى مەرۇپ
بلەن كۆرۈشتى.
(ۋاڭ سۇڭ فوتوسى)



مۇدر جاڭ جيې ماۋرتىئۇسنىڭ
باش قازىسى سالام بلەن
كۆرۈشتى.
(ۋاڭ سۇڭ فوتوسى)

1

1987 - يىل

(ئومۇمى 26 - سان)

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

[پەسىللىك ژۇرنال]

## مۇندەرىجە

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا قۇربان ھېيتنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا يولداش ۋەن لىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى .............. ( 2 )

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئاھالىسىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى.............. جاڭ تيەنلۇ ( 4 )

ئىسلام شەرىئىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش.............. جاڭ جىنجېڭ ( 22 )

لەندىيەنچاڭدا ساقلانغان قىممەتلىك يازما قۇرئان.............. لىن سۇڭ ( 25 )

يۇنەن ئۆلكىسى ناجيا كەنتىنى زىيارەت قىلىش خاتىرىسى .............. چېڭ دېگەن ( 29 )

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئېيىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلدى.............. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى ( 36 )

ئەمگەك — بايلىق مەنبەسى .............. ئابلەت قادىر ( 37 )

خاسىيەتلىك رامىزان ئېيىدىكى چوڭقۇر دوستلۇق — رەباتتا ئۆتكۈزۈلگەن رامىزان ئېيى ھەسەن لېكسىيە ئوقۇش يىغىنى توغرىسىدا .............. نۇرمان. ما شيەن ( 38 )

جۇمۇ كەنتى توشقان بېقىش بىلەن بېيىدى.............. ما جېڭفېڭ ( 43 )

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 3 - نۆۋەتلىك خەلقارا ئىسلام دىنى تەشۋىقات يىغىنىغا ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتتى .............. ياڭ لىيەنكەي ( 49 )

زىيائۇل ھەق زۇڭتۇڭ جۇڭگولۇق ھاجىلارنى يوقلىدى .............. گو سۇڭجياڭ ( 51 )

پاكىستان خەلقئارا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئېلىمىزدە زىيارەتتە بولدى .............. ئىسا ( 55 )

تەقرىزنامە

— ئۇيغۇرچە قۇرئان تەپسىرىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن .............. ھاجى ھامىت مەھمۇدى ( 57 )

دۇنيا مۇسۇلمانلىرى كېڭىشى ۋەكىللەر ئۆمىكى تەكلىپكە بىنائەن جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى.............. سەئدى ( 60 )

خاربىن شەھىرى مەسچىتى.............. ياڭ يۇبىن فوتوسى (مۇقاۋىدا)

☆ 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى نەشردىن چىقتى. ☆

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

**مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىشى بىلەن قارىمۇ قارشى قىلىپ قويىدىغان قاراش توغرا ئەمەس.**

ــــ يولداش شى جۇڭشۈننىڭ خىرىستىيان دىنى
4 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك يىغىنىغا قاتناشقان
ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلغاندا قىلغان سۆزىدىن ئېلىندى

(«خەلق» گېزىتىنىڭ 1986 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىكى سانىغا قارالسۇن)

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا قۇربان ھېيتنى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا

## يولداش ۋەن لىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى

يولداشلار، دوستلار:

ئەتە پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا ئورتاق بولغان ئەنئەنىۋى ھېيت ــ قۇربان ھېيت يېتىپ كېلىدۇ. بۈگۈن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 3 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتناشقان، مەملىكەت بويىچە 55 ئاز سانلىق مىللەتتىن تەركىب تاپقان ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى، ئېكسكۇرسىيە ئۆمەكلىرىنى، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىللەرنى ھەم شياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار ۋە چەتئەللىك دوستلارنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە قۇربان ھېيتنى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلدى. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن شىنجاڭدىكى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇسۇلمانلاردىن بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن ھال سورايمەن ۋە ئۇلارنى تەبرىكلەيمەن!

بۇ ھېيتنى خۇشال ـ خۇرام تەبرىكلەۋاتقان ۋاقتىمىزدا، ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ ئائىلىسىدە ياشاۋاتقان ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىتىن تولۇق بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىقىنى خۇشاللىق بىلەن كۆرمەكتىمىز. ئۇلار مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن زىچ ئىتتىپاق-

لىشىپ، ئورتاق كۈرەش قىلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى يولىدا ئاكتىپ تۆھپىلەرنى قوشتى.

شىنجاڭدا، پۈتۈن مەملىكەتتىكىگە ئوخشاش، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بولۇپمۇ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، سىياسىي جەھەتتە تىنچ مىللەتلەر ئىتتىپاق بولۇپ كەلدى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىر قەدەر تېز بولدى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئۆزلۈكسىز ياخشىلانماقتا. ئۆتكەن بىر نەچچە كۈن ئىچىدە، مەن شىنجاڭدا ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسى بىلەن كۆرۈشتۈم، ھەر ساھەدىكى زاتلار بىلەن ئۇچراشتىم، بەزى دېھقان، چارۋىچى ئائىلىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنىمۇ كۆردۈم، شۇ ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىدە زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى، ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاق ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىلدىم. ھەممەيلەن باراۋەرلىك، دوستلۇق، ھەمكارلىق ئاساسىدا تۇرمۇش كەچۈرۈۋېتىپتۇ، بۇ ھال پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ مەملىكىتىمىزدەك كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا تامامەن مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. مەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىدىن ئوڭاي قولغا كەلمىگەن تىنچ-ئىتتىپاق بولۇشتىن ئىبارەت قالتىس ياخشى ۋەزىيەتنى تېخىمۇ قەدىرلەشنى ھەمدە مۇشۇ ئاساسىي شەرت ئاستىدا، زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، شىنجاڭدا ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھازىر، دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مۇھىم دەۋردە تۇرماقتا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى شەرەپلىك ھەم مۇشكۈل ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالماقتا. ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، پارتىيىنىڭ 12-قۇرۇلتىيىدا بەلگىلەنگەن ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى كېرەك.

خەلقىمىز دۇنيادىكى مۇسۇلمان خەلقلەر بىلەن ئۇزاقتىن بۇيان باردى-كەلدى قىلىپ ۋە ئۇلار بىلەن ئەنئەنىۋى دوستلۇقنى ساقلاپ كەلگەن. بۇنىڭدىن كېيىن بىز دۇنيادىكى مۇسۇلمان خەلقلەر بىلەن بولغان دوستانە ئالاقىمىزنى ئىلگىرىكىدەكلا كۈچەيتىپ، دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىجابىي تۆھپىلەرنى قوشىمىز.

ئاخىردا، مۇسۇلمانلارنىڭ ھېيتىغا شات-خۇراملىق تىلەيمەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، گۈللەنگەن، باي، مەدەنىيەتلىك شىنجاڭ قۇرۇش يولىدا ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىشىنى تىلەيمەن.

(«شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1986-يىل 8-ئاينىڭ 16-كۈندىكى سانىدىن ئېلىندى)

www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئاھالىسىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى*

جاڭ تيەنلۇ

ئىلىمىز مۇسۇلمانلىرى ۋەتەن تۇپرىقىدا ئۇزاق مۇددەت، خۇسۇسەن ئازاتلىقتىن كېيىن گىرەلىشىپ كۆچۈپ تۇرۇش ۋە كۆپىيىش ئارقىسىدا، بەلگىلىك جايلىشىش ھالىتىنى شەكىللەندۈردى. 1982 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان 3 ـ قېتىملىق نوپۇسنى ئومۇمىي يۈزلۈك تەكشۈرۈشتە، چوڭ قورۇقلۇقتىكى 10 مۇسۇلمان مىللەتنىڭ ئاھالىسى ئىچىدە خۇيزۇلارنىڭ ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالى ئىنتايىن گەۋدىلىك بولغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

5 مىليون 963 مىڭ 500 ئۇيغۇرنىڭ 99.87 پىرسەنتى شىنجاڭغا جايلاشقان؛ قالغانلىرى ئاساسەن خۇنەن ۋە بېيجىڭ قاتارلىق ئۆلكە ۋە شەھەرلەرگە جايلاشقان. شىنجاڭدا بولسا ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ تەخمىنەن پۈتۈن شىنجاڭدىكى 5 مىليون 955 مىڭ 900 ئۇيغۇرنىڭ 82.02 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

907 مىڭ 500 قازاقنىڭ 99.54 پىرسەنتى شىنجاڭغا جايلاشقان، قالغانلىرى ئاساسەن گەنسۇ، چىڭخەي ۋە بېيجىڭ قاتارلىق ئۆلكە ھەم شەھەرلەرگە جايلاشقان. شىنجاڭدىكى 903 مىڭ 300 قازاقنىڭ 99.85 پىرسەنتى شىمالىي شىنجاڭغا جايلاشقان.

113 مىڭ 400 قىرغىزنىڭ 99.12 پىرسەنتى شىنجاڭغا جايلاشقان، قالغانلىرى ئاساسەن خېيلوڭجياڭ، ئىچكى موڭغۇل ۋە بېيجىڭ قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرگە جايلاشقان. شىنجاڭدىكى 112 مىڭ 400 قىرغىزنىڭ 76.24 پىرسەنتى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا جايلاشقان.

26 مىڭ 600 تاجىكنىڭ 99.90 پىرسەنتى شىنجاڭغا جايلاشقان، قالغانلىرى ئاساسەن بېيجىڭغا جايلاشقان. شىنجاڭدىكى تاجىكلارنىڭ 85.65 پىرسەنتى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر ۋىلايىتىگە جايلاشقان، بۇلار ئاساسەن تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىگە توپلاشقان.

12 مىڭ 200 ئۆزبېكنىڭ 99.80 پىرسەنتى شىنجاڭغا جايلاشقان، قالغانلىرى ئاساسەن شەنشى، گۇاڭدۇڭ، ئىچكى موڭغۇل ۋە بېيجىڭ قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرگە جايلاشقان، شىنجاڭدىكى ئۆزبېكلەر ئاساسەن سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، قەشقەر ۋىلايىتى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى قاتارلىق جايلارغا جايلاشقان.

* ماتېرىيال بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ماقالىدا تەيۋەن ئۆلكىسى، شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن رايونلىرىدىكى مۇسۇلمانلار ئاھالىسىنىڭ ئەھۋالى تىلغا ئېلىنمىدى.

4 مىڭ 100 تاتارنىڭ 98.93 پىرسەنتى شىنجاڭغا جايلاشقان، قالغانلىرى ئاساسەن گۇاڭشى، بېيجىڭ، لياۋنىڭ ۋە شەنشى قاتارلىق ئۆلكە ۋە شەھەرلەرگە جايلاشقان. شىنجاڭدا بولسا ئاساسەن ئالتاي ۋىلايىتى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى قاتارلىق جايلارغا جايلاشقان.

279 مىڭ 500 دۇڭشياڭ ئاساسەن گەنسۇ ئۆلكىسى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا، دۇڭشياڭ مىللىتى ئاھالىسىنىڭ 85.10 پىرسەنتى ۋە 14.43 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

69 مىڭ 100 سالا ئاساسەن چىڭخەي ئۆلكىسىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ سالا مىللىتى ئومۇمى ئاھالىسىنىڭ 88.21 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ گەنسۇ ئۆلكىسىگە جايلاشقانلىرى 7.40 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا جايلاشقانلىرى 4.24 پىرسەنتىنىلا تەشكىل قىلىدۇ.

9 مىڭ باۋئەن ئاساسەن گەنسۇ ئۆلكىسىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ باۋئەن مىللىتى ئاھالىسىنىڭ 92.29 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، قالغانلىرى چىڭخەي ئۆلكىسى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا 4.18 پىرسەنت ۋە 3.14 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

7 مىليون 228 مىڭ 400 خۇيزۇ ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايونلارغا جايلاشقان بولۇپ، كۆپرەك جايلاشقان ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلار مۇنۇلار: نىڭشيا (17.09 پىرسەنت)، گەنسۇ (13.24 پىرسەنت)، خېنەن (10.10 پىرسەنت)، شىنجاڭ (7.85 پىرسەنت)، چىڭخەي (7.35 پىرسەنت)، يۈننەن (6.06 پىرسەنت) ۋە خېبېي (5.82 پىرسەنت)؛ ئازراق جايلاشقان ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلار مۇنۇلار: شىزاڭ (0.02 پىرسەنت)، جياڭشى (0.11 پىرسەنت)، جېجياڭ (0.13 پىرسەنت) ۋە گۇاڭدۇڭ (0.15 پىرسەنت) قاتارلىقلار.

ئېلىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايونلارغا جايلىشىشىدا 1964 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا چوڭ ياكى كىچىك ئۆزگىرىشلەر بولدى، (1 - جەدۋەلگە قاراڭ)، ئۇنىڭدا مۇنداق بىرقانچە ئالاھىدىلىك بار:

## بىرىنچى، رايونلارغا جايلىشىش ئەھۋالى ئۆزگىرىپ تۇردى

1982 - يىلى چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى مۇسۇلمانلار ئومۇمى ئاھالىنىڭ 1.45 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىسىمۇ، لېكىن چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى 29 ئۆلكە، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ھەممىسىدە بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە رايونلارغا جايلىشىش نىسبىتىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇپ تۇردى.

ئۆلكە، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك دائىرىدىن قارىغاندا، 1964 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا كۆپچىلىك رايونلارغا جايلاشقان مۇسۇلمانلارنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇسۇلمانلار ئاھالىسى ئىچىدە تۇتقان نىسبىتى تۆۋەنلىدى، لېكىن ئۇنىڭ مۇتلەق سانى روشەن دەرىجىدە كۆپەيدى، مەسىلەن، خېبېي ئۆلكىسىدىكى مۇسۇلمانلار 1964 - يىلدىكى 316 مىڭ

www.uyghurkitap.com

كىشىدىن كۆپىيىپ 1982-يىلى 420 مىڭ كىشىگە يېتىپ، 100 نەچچە مىڭ كىشى كۆپەيگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇسۇلمانلار ئاھالىسى ئىچىدە تۇتقان نىسبىتى ئەكسىچە مۇناسىپ ھالدا 3.42 پىرسەنتتىن 2.87 پىرسەنتكە چۈشتى. بۇنىڭ سەۋەبى بەزى ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇسى ئېخىمۇ تېز كۆپەيدى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇسۇلمانلار ئاھالىسى ئىچىدە تۇتقان نىسبىتىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئېخىمۇ تېز ئۆستى. جياڭشى ئۆلكىسى بىلەن شىزاڭ زاڭزۇ ئاپتونوم رايونىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇتلەق سانى بىر قەدەر تېز كۆپەيگەن بولسىمۇ، مۇناسىپ نىسبىتى ئاران تەكشۈك ھالەتنى ساقلاپ قالدى. جېجياڭ، ئەنخۇي، يۈننەن، گۈيجۇ، گەنسۇ، چىڭخەي ۋە نىڭشيا قاتارلىق ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇتلەق سانى ئېخىمۇ تېز كۆپەيدى، مەسىلەن، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىدىكى مۇسۇلمانلار 1964-يىلدىكى 647 مىڭدىن كۆپىيىپ 1982-يىلى 1 مىليون 235 مىڭغا يېتىپ، 90.9 پىرسەنت كۆپەيدى، بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئۇنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇسۇلمانلار ئاھالىسى ئىچىدە تۇتقان نىسبىتىمۇ 1964-يىلدىكى 7.00 پىرسەنتتىن ئۆسۈپ 1982-يىلى 8.45 پىرسەنتكە يەتتى.

1982-يىلى، ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايونلاردىكى مۇسۇلمانلار ئاھالىسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇسۇلمانلار ئاھالىسى ئىچىدە تۇتقان نىسبىتى ئەڭ تۆۋەن بولغان رايون شىزاڭ زاڭزۇ ئاپتونوم رايونى (0.01 پىرسەنت) ھېسابلىنىدۇ، ئەڭ يۇقۇرى بولغان رايون شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى (52.18 پىرسەنت) ھېسابلىنىدۇ.

6 چوڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى دائىرىسىدىن قارىغاندا، شىمالىي جۇڭگو، شەرقىي شىمال، شەرقىي جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا جەنۇبىي جۇڭگودىن ئىبارەت 4 ھەمكارلىق رايونىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇتلەق سانى روشەن دەرىجىدە كۆپەيگەن، يەنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا، 247 مىڭ، 141 مىڭ، 270 مىڭ، 310 مىڭ كىشى كۆپەيگەن، لېكىن ھەر قايسىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇسۇلمانلار ئاھالىسى ئىچىدە تۇتقان نىسبىتى بولسا 1964-يىلدىكى 7.84 پىرسەنت، 3.64 پىرسەنت، 6.20 پىرسەنت ۋە 6.41 پىرسەنتتىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا، 1982-يىلدىكى 6.65 پىرسەنت، 3.27 پىرسەنت، 5.77 پىرسەنت ۋە 6.18 پىرسەنتكە چۈشۈپ قالغان. غەربىي جەنۇب ھەمكارلىق رايونى بىلەن غەربىي شىمال ھەمكارلىق رايونىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇتلەق سانى ۋە سېلىشتۇرما نىسبىتى ئۆسكەن، مەسىلەن، غەربىي جەنۇب رايونىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 1964-يىلدىكى 380 مىڭدىن كۆپىيىپ 1982-يىلدىكى 629 مىڭ 700 كىشىگە يېتىپ، 249 مىڭ 700 كىشى كۆپەيگەن، بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئۇنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇسۇلمانلار ئاھالىسى ئىچىدە تۇتقان نىسبىتىمۇ 4.11 پىرسەنتتىن ئۆسۈپ 4.31 پىرسەنتكە يەتكەن؛ يەنە مەسىلەن، غەربىي شىمال رايونىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 1964-يىلدىكى 6 مىليون 638 مىڭ كىشىدىن كۆپىيىپ 1982-يىلدىكى 10 مىليون 788 مىڭ كىشىگە يېتىپ، 4 مىليون 150 مىڭ كىشى كۆپەيگەن، ئۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئۇنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئىچىدە تۇتقان سېلىشتۇرما نىسبىتىمۇ 71.80 پىرسەنتتىن ئۆسۈپ 73.82 پىرسەنتكە يەتكەن.

1982 - يىلى 6 چوڭ ھەمكارلىق رايونىدىكى مۇسۇلمانلار سانىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇسۇلمانلار ئاھالىسى ئىچىدە تۇتقان نىسبىتىدىن قارىغاندا، ئەڭ تۆۋەن بولغىنى شەرقىي شىمال رايونى بولۇپ، ئاران 3.27 پىرسەنت بولغان؛ ئەڭ يۇقىرى بولغىنى غەربىي شىمال رايونى بولۇپ، تۇتقان نىسبىتى 73.82 پىرسەنت بولغان، دېمەك، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى غەربىي شىمال رايونىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە غەربىي شىمال رايونىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانىمۇ شۇ رايوندىكى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 15.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

مىللەت نوپۇسىدىن قارىغاندا، 1964 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا رايون بويىچە جايلىشىش نىسبىتىدە ئۆزگىرىش ھەممىدىن بەك روشەن بولغان مىللەت خۇيزۇ ھېسابلىنىدۇ، 29 ئۆلكە، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايون ئىچىدە پۈتۈن مەملىكەتتىكى خۇيزۇلار ئاھالىسى ئىچىدە تۇتقان نىسبىتى ئۆسكەن جايلار مۇنۇلار: جېجياڭ (0.08 پىرسەنتتىن 0.13 پىرسەنتكە يەتكەن)، ئەنخۇي (3.43 پىرسەنتتىن 3.53 پىرسەنتكە يەتكەن)، جياڭشى (0.10 پىرسەنتتىن 0.11 پىرسەنتكە يەتكەن)، فۇجيەن (0.21 پىرسەنتتىن 0.43 پىرسەنتكە يەتكەن)، يۈننەن (5.96 پىرسەنتتىن 6.06 پىرسەنتكە يەتكەن)، گۇيجۇ (1.22 پىرسەنتتىن 1.36 پىرسەنتكە يەتكەن)، چىڭخەي (6.26 پىرسەنتتىن 7.35 پىرسەنتكە يەتكەن)، شىنجاڭ (5.90 پىرسەنتتىن 7.85 پىرسەنتكە يەتكەن) ۋە نىڭشيا (14.46 پىرسەنتتىن 17.09 پىرسەنتكە يەتكەن)، بۇلار ئىچىدە چىڭخەي، شىنجاڭ ۋە نىڭشيا قاتارلىق 3 ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايوندا خۇيزۇلارنىڭ كۆپىيىش ھەجمى ھەممىدىن كۆپ بولغان. 1982 - يىلى خۇيزۇلار سانىنىڭ نىسبىتى ئەڭ چوڭ بولغان غەربىي شىمال رايونى بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى خۇيزۇلار ئاھالىسىنىڭ 47.17 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان؛ نىسبىتى ئەڭ ئاز بولغىنى غەربىي جەنۇب بىلەن شەرقىي شىمال بولۇپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا، 8.70 پىرسەنت ۋە 6.60 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان؛ شىمالىي جۇڭگو، شەرقىي جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا جەنۇبىي جۇڭگو رايونلىرىدىكى خۇيزۇلارنىڭ تۇتقان نىسبىتى 10 پىرسەنتتىن يۇقىرى بولغان، يەنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا، 13.43 پىرسەنت، 11.65 پىرسەنت ۋە 12.27 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان.

باۋئەن مىللىتى بىلەن دۇڭشياڭ مىللىتى ئاھالىسىنىڭ رايون بويىچە جايلىشىشىدىكى ئۆزگىرىش 1964 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەسلى جايلاشقان رايوندىكى ئاھالە شۇ مىللەت ئاھالىسىنىڭ ئومۇمىي سانىدا تۇتقان نىسبىتى روشەن دەرىجىدە ئازايغان، گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى باۋئەن مىللىتىنىڭ شۇ مىللەتنىڭ ئومۇمىي سانىدا تۇتقان نىسبىتى 98.63 پىرسەنتتىن 92.29 پىرسەنتكە چۈشۈپ قالغان؛ گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى دۇڭشياڭ مىللىتى 93.88 پىرسەنتتىن 85.10 پىرسەنتكە چۈشكەن. باشقا جايلارغا جايلاشقان باۋئەن مىللىتى بىلەن دۇڭشياڭ مىللىتىنىڭ نىسبىتى بولسا روشەن دەرىجىدە ئۆسكەن.

قازاق، سالارلارنىڭ رايون بويىچە جايلىشىشى 1964 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەسلى جايلاشقان جايدىكى ئاھالىنىڭ شۇ مىللەتنىڭ ئاھالىسى ئىچىدە تۇتقان نىسبىتى سەل ئۆسكەن، شىنجاڭغا جايلاشقان قازاقلار قازاق مىللىتىنىڭ ئومۇمىي سانىدا تۇتقان نىسبىتى 99.48 پىرسەنتتىن 99.53 پىرسەنتكە يەتكەن؛ چىڭخەي ئۆلكىسىدىكى سالالار 85.92 پىرسەنتتىن ئۆسۈپ 88.21 پىرسەنتكە يەتكەن. شىنجاڭدىكى تاتار مىللىتىنىڭ سەل تۆۋەنلەپ 99.45 پىرسەنتتىن

www.uyghurkitap.com

98.93 پىرسەنتكە چۈشۈپ قالغان. مۇناسىپ ھالدا بۇ 3 مىللەت ئاھالىسىنىڭ باشقا جايلاردىكى نىسبىتى بىر ئاز ئازايغان ياكى ئۆسكەن.

قىرغىز، تاجىك ۋە ئۆزبەكلەرنىڭ رايون بويىچە جايلىشىش نىسبىتى سەللا ئۆسكەن.

پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ رايون بويىچە جايلىشىش نىسبىتىدە 1964 ـ يىلدىن 1982 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئاساسىي جەھەتتىن ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغان. ئەلۋەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق سانى ناھايىتى زور دەرىجىدە كۆپەيگەن، مەسىلەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىلەن خۇنەن ئۆلكىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 1964 ـ يىلدىن 1982 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا، 1 مىليون 964 مىڭ ۋە 1 مىڭ 476 كىشى كۆپەيگەن؛ بېيجىڭغا جايلاشقان نىسبىتى بولسا سەل تۆۋەنلىگەن، ئەمما مۇتلەق سانى 1964 ـ يىلدىكى 676 كىشىدىن كۆپىيىپ 1982 ـ يىلدىكى 757 كىشىگە يەتكەن.

## ئىككىنچى، مۇسۇلمانلار ئاھالىسىنىڭ تارقىلىشى

تارقىلىش دېگەندە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسلى جايلاشقان شەھەر ۋە ناھىيە دەرىجىلىك مەمۇرى ئورۇنلاردىن ئۆزلۈكسىز تۇردە باشقا شەھەر ۋە ناھىيىلەرگە كۆچكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھەر مىللەتتىن بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ كۆچۈش ئەھۋالى تولىمۇ تەكشى ئەمەس: تاتارلار مەنپى سان بويىچە تارقالدى؛ تاجىك بىلەن ئۆزبەكلەرنىڭ تارقىلىشى ناھايىتى ئاستا بولدى؛ خۇيزۇ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارقىلىشى ناھايىتى تېز بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 10 دىن كۆپ شەھەر ۋە ناھىيىلەرگە تارقالماقتا. خۇيزۇلار جايلاشقان شەھەر ۋە ناھىيە 1982 ـ يىلى 2 مىڭ 310 غا يېتىپ، شۇ يىلى مەملىكەت بويىچە 2 مىڭ 375① شەھەر ۋە ناھىيىنىڭ 97.3 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان، خەنزۇلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، خۇيزۇلار ئاھالىسىنىڭ جايلىشىشى ئەڭ كەڭ مىللەت ھېسابلىنىدۇ (2 ـ جەدۋەلگە قارالسۇن).

ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ، ئاھالىنىڭ تارقىلىشى ۋە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى بىكىنمە يېپىق ھالەتتىن ئېچۋېتىلگەن ھالەتكە ئۆزگىرىش جەريانى بۇ مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىشى، ئۆزئارا ياردەملىشىشى ۋە بىرلىكتە گۈللىنىشىگە پايدىلىق.

ياپونىيىنىڭ سابىق باش ۋەزىرى تيەنجۇڭجياۋرۇڭ «ياپون ئاراللىرىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: "يەر شارىدا ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمى قىممىتى بىلەن كىرىمىنىڭ ئېشىشى ئۇنىڭ بىر كۈنلۈك پائالىيەت دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ."② دېمەك، يىل بويى ھەرىكەت قىلىدىغان دائىرىسى نەچچە ئون كىلومېتىر دائىرە بىلەن چەكلىنىپ قالىدىغان بىر ئادەم ياكى بىر مىللەتنى ھەرىكەت قىلىدىغان دائىرىسى نەچچە يۈز، نەچچە مىڭ، نەچچە ئون مىڭ كىلومېتىر كېلىدىغان ئادەم ۋە مىللەتكە سېلىشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە تېخنىكا جەھەتلەردىكى ئۇچۇر، قابىلىيەت، بىلىم ۋە ياراتقان بايلىقى ھەم كىرىمىدە ناھايىتى چوڭ پەرق بولىدىغانلىقى تۇرغان گەپ، كېيىنكىسى مۇقەررەر ئالدىنقىسىدىن ياخشى بولىدۇ.

## ئۈچىنچى، مۇسۇلمانلارنىڭ چوڭ دائىرىدە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىشى ۋە كىچىك دائىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشى

مۇسۇلمانلار ئاھالىسى، باشقا مىللەت ئاھالىسىگە ئوخشاشلا، چوڭ ياكى كىچىك بولغان توپلى-شىپ ئولتۇراقلاشقان مەلۇم رايونلارنى شەكىللەندۈرگەن، بىراق ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئەھۋالى باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ گەۋدىلىكرەك. مەسىلەن، 1982 - يىلى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ھەرقايسى ئاپتونوم جايلارغا توپلىشىپ جايلاشقانلار تەخمىنەن 50 مىليون 80 مىڭ كىشى بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاز سانلىق مىللەت-لەر ئاھالىسىنىڭ 74.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، دېمەك يەنە 25.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى جايلاردا تارقاق ياكى ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. لېكىن مۇسۇلمانلاردىن مىللى رايونلارغا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلار تەخمىنەن 9 مىليون 208 مىڭ 600 كىشى بولۇپ، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ 63.02 پىرسەنتىنىلا تەشكىل قىلىدۇ، دېمەك يەنە 36.98 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان مۇسۇلمانلار پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جاي-لىرىدا ئارىلىشىپ ياكى تارقاق ئولتۇراقلاشقان.

ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش بىلەن ئارىلىشىپ ۋە تارقاق ئولتۇراق-لىشىش ئەھۋالى بىر - بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، چوڭ پەرقلىنىدۇ. بۇنى ھەرقايسى مىللىي ئاپتونوم رايونلاردىكى مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ نىسبەت ئەھۋالىدىن بىر قەدەر ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ.

باۋئەن مىللىتى دۇڭشياڭ مىللىتى ۋە سالا مىللىتى بىلەن بىرلىكتە بىر ئاپتونوم ناھىيە قۇرغان، توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان باۋئەن مىللىتىنىڭ سانى شۇ مىللەت ئاھالىسىنىڭ 88.91 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ 11.09 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان ئاھالىسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى 75 شەھەر ۋە ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇندا ئارىلىشىپ ياكى تارقاق ئولتۇراقلاشقان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان باۋئەن مىللىتىنىڭ سانى شۇ ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ئاھا-لىسىنىڭ 4.7 پىرسەنتىنىلا تەشكىل قىلىدۇ، بۇ ھال توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردىمۇ ئارىلى-شىپ ئولتۇراقلاشقان ئەھۋاللارنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

سالا مىللىتى ئىككى ئاپتونوم ناھىيە قۇردى، بۇنىڭدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ سانى شۇ مىللەت ئومۇمى ئاھالىسىنىڭ 75.87 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، 24.13 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان سالالار پۈتۈن مەملىكەتتىكى 142 شەھەر ۋە ناھىيىدە ئارىلىشىپ ۋە تارقاق ئولتۇراقلاش-قان. ئەمما ئىككى ئاپتونوم ناھىيىدىكى سالالارنىڭ سانى ئايرىم - ئايرىم ھالدا، شۇ ئاپتونوم ناھىيىلەر ئاھالىسىنىڭ 57.90 پىرسەنتىنى ۋە 2.40 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇ ئەھۋالمۇ ئاپتونوم رايونلاردا توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشمۇ، ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىشمۇ تەڭ مەۋجۇت ئىكەنلى-كىنى كۆرسىتىدۇ.

دۇڭشياڭ مىللىتى ئىككى ئاپتونوم ناھىيە قۇردى، بۇنىڭدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلار شۇ مىللەت

www.uyghurkitap.com

ئومۇمى ئاھالىسىنىڭ 51.04 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، دېمەك 48.96 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان دۇڭشياڭ مىللىتى پۈتۈن مەملىكەتتىكى 204 شەھەر ۋە ناھىيىگە ئارىلىشىپ ياكى تارقاق ئولتۇراقلاشقان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىككى ئاپتونوم ناھىيىگە جايلاشقان دۇڭشياڭ مىللىتى، ئايرىم-ئايرىم ھالدا، شۇ ئاپتونوم ناھىيىلەر ئومۇمى ئاھالىسىنىڭ 70.90 پىرسەنتىنى ۋە 5.90 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇ ھال ئاپتونوم رايونلاردا توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىشنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇشتەك ۋەزىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

تاجىكلار بىر ئاپتونوم ناھىيە قۇردى، ئاپتونوم ناھىيىگە جايلاشقان تاجىكلارنىڭ سانى شۇ مىللەت ئومۇمى ئاھالىسىنىڭ 61.42 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، دېمەك 38.58 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان تاجىكلار پۈتۈن مەملىكەتتىكى 37 شەھەر ۋە ناھىيىدە ئارىلىشىپ ياكى تارقاق ئولتۇراقلاشقان. يەنە كېلىپ تاجىكلار ئاپتونوم ناھىيە ئومۇمى ئاھالىسىنىڭ 8.10 پىرسەنتىنىلا تەشكىل قىلىدۇ، بۇ ھال ئاپتونوم رايونلاردىكى چوڭ دائىرىدە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ۋە كىچىك دائىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشتەك ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ.

قىرغىزلار بىر ئاپتونوم ئوبلاست قۇردى، ئاپتونوم ئوبلاستقا جايلاشقان قىرغىزلار شۇ مىللەت ئومۇمى ئاھالىسىنىڭ 75.71 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، دېمەك 24.29 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان قىرغىزلار پۈتۈن مەملىكەتتىكى 100 نەچچە شەھەر ۋە ناھىيىدە ئارىلىشىپ ياكى تارقاق ئولتۇراقلاشقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىرغىزلارنىڭ سانى ئاپتونوم ئوبلاست ئومۇمى ئاھالىسىنىڭ 29 پىرسەنتىنىلا تەشكىل قىلىدۇ، بۇنىڭدىمۇ چوڭ دائىرىدە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىش بىلەن كىچىك دائىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش تەڭلا مەۋجۇت.

قازاقلار ئىككى ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ئۈچ ئاپتونوم ناھىيە قۇردى، بۇ بەش ئاپتونوم جايغا جايلاشقان قازاقلارنىڭ سانى شۇ مىللەت ئومۇمى ئاھالىسىنىڭ 82.56 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، دېمەك يەنە 17.44 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان قازاقلار پۈتۈن مەملىكەتتىكى 140 نەچچە شەھەر ۋە ناھىيىدە ئارىلىشىپ ياكى تارقاق ئولتۇراقلاشقان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ناھىيىلەرگە جايلاشقان قازاقلارنىڭ نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغانلىرىدا 33.90 پىرسەنت، ئەڭ تۆۋەن بولغانلىرىدا 0.50 پىرسەنتىنىلا تەشكىل قىلىدۇ، بۇ ئەھۋال چوڭ دائىرىدە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىش بىلەن كىچىك دائىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشنىڭ يەنىلا تەڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇرلار بىر ئاپتونوم رايون قۇردى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا جايلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى شۇ مىللەت ئومۇمى ئاھالىسىنىڭ 99.87 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، دېمەك 0.13 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان ئۇيغۇرلار پۈتۈن مەملىكەتتىكى 478 شەھەر ۋە ناھىيىدە ئارىلىشىپ ياكى تارقاق ئولتۇراقلاشقان. لېكىن ئاپتونوم رايوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئاپتونوم رايون ئومۇمى ئاھالىسىنىڭ 45.53 پىرسەنتىنىلا تەشكىل قىلىدۇ، قالغان 54.47 پىرسەنت ئاھالە، ئايرىم-ئايرىم ھالدا، باشقا 46 مىللەتكە تەئەللۇق، بۇ ئەھۋالمۇ توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش بىلەن مىللەتلەر ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىش تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتەك ۋەزىيەتنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا جايلىشىش دەرىجىسى ناھايىتى يۇقىرى بولسىمۇ، يەنىلا 0.07 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان ئۇيغۇرلار شىنجاڭدىن يىراق يەردىكى خۇنەن ئۆلكىسىدىكى چاڭدې ۋە تاۋيۈەن قاتارلىق جايلارغا جايلاشقان. بۇلار مىڭ سۇلالىسى خۇڭۋۇنىڭ 1-يىلى جۇيۈەنجاڭ شىنجاڭلىق ئۇيغۇر جيەن باش ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى خۇنەندىكى تاۋيۈەن ناھىيىسىگە ئەسكەر تۇرغۇزۇپ مۇداپىئەلىنىشكە يۆتكەپ كەلگەنلەر. مىڭ سۇلالىسى گۇمران بولغاندىن كېيىن جيەن باشنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە جيەن باشنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئەۋلادلىرى چاڭدې ۋە تاۋيۈەن قاتارلىق جايلاردا ماكانلىشىپ پۇقرا بولۇپ، ئەۋلادتىن ئەۋلاد ياشاپ كەلگەن. ئۇلار 1964-يىلدىكى 2 مىڭ 900 كىشىدىن كۆپىيىپ 1982-يىلدىكى 4 مىڭ 450 كىشىگە يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 2.30 پىرسەنتتىن كۆپىيىپ بارغان، ئەگەر مۇشۇ سۈرئەتتە كۆپىيىدىغان بولسا، بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 28 يىلدا بىر قاتلىنىدۇ.

خۇيزۇلار بىر ئاپتونوم رايون، ئىككى ئاپتونوم ئوبلاست ۋە توققۇز ئاپتونوم ناھىيە قۇردى، بۇ ئاپتونوم جايلارغا جايلاشقان خۇيزۇلارنىڭ سانى 2 مىليون 200 نەچچە مىڭ كىشى بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى خۇيزۇلار ئاھالىسى (7 مىليون 228 مىڭ 400 كىشى)نىڭ 30.58 پىرسەنتىنىلا تەشكىل قىلىپ، خۇيزۇلار ئاھالىسىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغىمۇ يەتمەيدۇ. قالغان ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن كۆپرەك خۇيزۇلار ئىككى مىڭ 300 نەچچە شەھەر ۋە ناھىيىدە ئارىلاش ۋە تارقاق ئولتۇراقلاشقان. ھەرقايسى خۇيزۇ ئاپتونومىيە جايلارغا جايلاشقان خۇيزۇلارنىڭ ئۆز ئاپتونوم جايلىرى ئومۇمى ئاھالىسىدە تۇتقان ئەڭ يۇقىرى نىسبىتى 68.00 پىرسەنت، ئەڭ تۆۋەن نىسبىتى ئاران 6.80 پىرسەنت. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەيلى مىللىي ئاپتونوم جايلارغا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان خۇيزۇلارنىڭ نىسبىتىدىن ياكى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى شەھەر ۋە ناھىيىلەرگە جايلاشقان خۇيزۇلارنىڭ شەھەر ۋە ناھىيە دەرىجىلىك مەمۇرى ئورۇنلاردىكى نىسبىتىدىن قارىغاندىمۇ ئۇنىڭ ئارىلىشىپ ياكى تارقاق ئولتۇراقلىشىش دەرىجىسى ھەرقايسى مۇسۇلمان مىللەتلەردىن يۇقىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەرقايسى ئازسانلىق مىللەتلەردىنمۇ يۇقىرى تۇرىدۇ (4-جەدۋەلگە قاراڭ).

نىمە ئۈچۈن خۇيزۇلارنىڭ تارقىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ۋە ئارىلىشىپ، تارقاق ئولتۇراقلىشىش دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى بولۇشى مەملىكەتلىك ھاكىمىيەت قۇرغان موڭغۇل ۋە مانجۇلاردىنمۇ ئېشىپ كەتتى؟ بۇنىڭ سەۋەپلىرى كۆپ:

بىرىنچىدىن، بۇ خۇيزۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ جۇڭگوغا كۆچۈپ كېلىشىدىكى سەۋەب ۋە كۆچۈپ كېلىش يولى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىرىنچى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغۇچى ئەرەب-لەر ۋە پارسلار 7-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن سودا قىلغىلى دېڭىز ئارقىلىق ئېلىمىزگە كەلگەن، ئۇلار دېڭىز بويلىرىدىكى گۇاڭجۇ، چۈەنجۇ، خاڭجۇ ۋە ياڭجۇ قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلىشىپ قالغان؛ يەنە بىر قىسىم كىشىلەر شۇ زاماندىكى پايتەخت چاڭئەنگە كېلىپ سودا

قىلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئىككىنچى، موڭغۇللار قوشۇنى غەربكە قاراپ تاجاۋۇزچىلىق قىلىپ، ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى سانسىزلىغان مەملىكەت ۋە خەلقنى بويسۇندۇرۇۋالغاندىن كېيىن، زورلۇق بىلەن شۇ جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقنى يۆتكەپ كېلىپ، ئىككى، ئۈچ مىليون كىشىلىك "غەربىي رايون قوشۇنى" ئۇيۇشتۇرغان، بۇ قوشۇننىڭ ئىچىدە مۇسۇلمانلار قوشۇنى كۆچلۈك بىر قوشۇن بولغان. بۇ مۇسۇلمانلار قوشۇنى موڭغۇللار قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە ئاۋال ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىغا، ئاندىن شىمالىي جۇڭگوغا، ئۇنىڭدىن كېيىن غەربىي جەنۇب رايونىغا، ئاخىرى شەرقىي جەنۇب رايونىغا كىرىپ، پۈتۈن جۇڭگونى بويسۇندۇرغان. ئەمما ئۇلار ئاسا-سەن، ئايرىم-ئايرىم ھالدا، غەربىي گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي، خېنەن، شەندۇڭ، خېبېي ۋە يۈننەن قاتارلىق جايلاردا تۇرغۇزۇلۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، نۇرغۇن مۇسۇلمان ئاقسۆڭەكلەر، ئەمەلدارلار، ئالىملار، ھۈنەرۋەنلەر ۋە سودىگەر-لەرمۇ موڭغۇللار قوشۇنى بىلەن بىللە غەربىي شىمال ئارقىلىق كۆچۈپ كەلگەن، بۇلارنىڭ تولىسى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى شەھەر ۋە مۇھىم قاتناش يولى بويلىرىدا ئولتۇراقلاشقان. شۇنىڭ بىلەن خۇيزۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئىزلىرى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىگە بارغان.

ئىككىنچىدىن، بۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شەرققە كۆچۈپ كەلگەن بۇ مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئىجتىمائىي تەسىرى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى جۇڭ-گوغا ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەرقايسى جايلارغا تارقالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بارغانلا يەردە مەسچىت سالغان ھەمدە مەسچىتنى ئىجتىمائىي مەركەز قىلغان، شۇنىڭ بىلەن مەسچىت مەركەز قىلىنغان كىچىك دائىرىلىك توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ھالىتى شەكىللەنگەن، شۇڭا خۇيزۇ-لار يېزىلاردا كۆپىنچە ئۆز ئالدىغا مەھەللە بولۇپ ئولتۇراقلاشقان، شەھەر-بازارلار ئەتراپىغا توپلىشىپ جايلاشقان ياكى بىر نەچچە كوچا بويىچە ئۆز ئالدىغا بىر رايون قۇرغان. بۇلار جۇڭگو-نىڭ تارىخىي پائالىيەتلىرى ۋە تەرەققىيات جەريانىدا ئۈزلۈكسىز تۈردە خەنزۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر-لار ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ نۇرغۇن مىللى تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلغان، بولۇپمۇ نىكاھلىنىش ۋە ئۆرپ-ئادەت جەھەتتىكى چەكلىمە تۈپەيلىدىن تەبىئىي ھالدا باشقا مىللەتلەرنىڭ قىزلىرى بىلەن نىكاھلانغان، بۇ قىزلار ۋە ئۇلاردىن تۇغۇلغان پەرزەنتلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى ۋە خۇيزۇ ھېسابلانغانلىقى بولساخۇيزۇ مىللىتىنىڭ قوشۇلغانلىقى، راۋاجلانغانلىقى ۋە زورايغانلىقى، شۇنىڭدەك "چوڭ دائىرىدە تارقاق ئولتۇراقلىشىش ۋە كىچىك دائىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش" تەك ھالەتنىڭ مۇستەھكەملەنگەنلىكىدىكى تۆرلۈك سەۋەبلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، تىل ۋە كىيىم-كېچەك قاتارلىقلىرى پەيدىنپەي خەنزۇلارنىڭكىگە ئوخشاپ كەتكەن بىلەن، ئورتاق روھىي ھالەت، ئىقتىسادىي تۇرمۇش، دىنىي ئېتىقاد ۋە ئۆرپ-ئادەت قاتارلىق جەھەتلەردە يەنىلا ئۆز خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ قالغان، خۇددى مىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا يېزىلغىنى-دەك، "ئۆز ئۆرپ-ئادىتىنى چىڭ ساقلاپ، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە ھەرگىز ئۇنىمىغان".③ بۇمۇ ئۇنىڭ ئۇزاق مۇددەت ئىچىدە ئۆز ئالدىغا بىر مىللەت بولۇپ، ئۆزىنىڭ "چوڭ دائىرىدە تارقاق ئولتۇ-راقلىشىش ۋە كىچىك دائىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش"تەك ھالىتىنى مۇستەھكەملەپ ۋە

زورايتىپ كەلگەنلىكىنىڭ يەنە بىر ئاساسلىق سەۋەبىدۇر.

ئۈچىنچىدىن، بۇ موڭغۇل ۋە مانجۇلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ مەملىكەت خاراكتېرلىق ھۆكۈمران ھاكىمىيەتنى ئورنىتىپ باقمىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى موڭغۇل ۋە مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرى پۈتۈن مەملىكەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ھاكىمىيەت قۇرۇۋالغاندىن كېيىن، باشقا مىللەتلەرنى قوشۇۋېتىش، ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ ئاھالىسىنى كۆپەيتىش جەھەتلەردە رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن ھاكىمىيەتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، شۇ مىللەت خەلقى، خۇسۇسەن ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ھالىتى تېخىمۇ بەتتەر بولغان. نەتىجىدە ئاھالىسى ئازىيىپ كەتكەن، ئولتۇراقلاشقان دائىرىسىمۇ تېز تارىيىپ كەتكەن. بىراق خۇيزۇلار مۇنداق ئەگرى-توقايلىقنى كۆرمىگەچكە، ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىشى ۋە جايلىشىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىلمۇ بولمىغان. يۈەن ۋە مىڭ سۇلالىلىرىدىن كېيىن، مىللىي زۇلۇم، قىرغىنچىلىق، كۆچۈش، چەكلىمىگە ئۇچراش ۋە يەرلىرىنىڭ تالان-تاراج قىلىنىشى نەتىجىسىدە، خۇيزۇلار ئەسلى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ بىلەن ئۇلار جايلاشقان جايلار تېخىمۇ كېڭىيىپ بارغان.

ئازادلىقتىن كېيىن، مىللەتلەر باراۋەر ۋە ئىتتىپاق بولۇش ھەم بىرلىكتە گۈللىنىش سىياستى ئىجرا قىلىنىپ، مۇسۇلمان مىللەتلەردىن يەن-تېخىمۇ ساھەسىدىكى ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ ئۈزلۈكسىز مەيدانغا چىققانلىقى؛ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ھەر قايسى مىللىي رايونلاردا، مەملىكەتنىڭ باشقا رايونلىرىغا ئوخشاشلا، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، مۇسۇلمان مىللەتلەردىن، بولۇپمۇ خۇيزۇلاردىن بولغان تۈرلۈك قۇرۇلۇش خادىملىرى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشكە ئاتلاندى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇسۇلمانلار رايونلىرىغا، جۈملىدىن خۇيزۇلار رايونىغا ھەر مىللەتتىن بولغان قۇرۇلۇش خادىملىرى كۆپلەپ كىرگۈزۈلدى ۋە تەكلىپ قىلىندى؛ شۇنىڭدەك بەزى مۇسۇلمان مىللەتلەر، خۇسۇسەن خۇيزۇلار خەلق ئىگىلىكىنى جانلاندۇرۇش سىياستىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۆزىنىڭ سودا قىلىشقا ۋە ئۇششاق قول سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا ماھىر بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە جارى قىلدۇردى، بۇنىڭ بىلەن ئاھالىنىڭ تارقىلىش ۋە كۆچۈش پۇرستىمۇ ئۆتكەنكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپەيدى، شۇڭلاشقا مۇسۇلمانلارنىڭ، بولۇپمۇ خۇيزۇلارنىڭ جايلاشقان رايونلىرى ئۈزلۈكسىز چوڭايدى ۋە كېڭەيدى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ چوكىيىشى ۋە كېڭىيىشىگە تۈرتكە بولدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلارغا ھەر مىللەتتىن بولغان قۇرۇلۇش خادىملىرى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىنغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالى كۆپەيدى. بۇلار پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر قايسى رايونلار، شۇنداقلا مۇسۇلمانلار رايونلىرىدا سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشنىڭ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ بولۇپمۇ ئىشكنى ئېچىۋېتىش سىياستىنى ئىجرا قىلىش ۋە مىللەتلەرنى گۈللەندۈرۈش ھەم روناق تاپقۇزۇشتىكى مۇقەررەرلىك.

www.uyghurkitap.com

## تۆتىنچى، مۇسۇلمان مىللەتلەر رايونلىرىدىكى ئاھالىنىڭ زىچلىقىدا پەرق ناھايىتى چوڭ

1982 ـ يىلىغا قەدەر مۇسۇلمان مىللەتلەر رايونلىرىدا جەمئىي ئىككى ئاپتونوم رايون، بەش ئاپتونوم ئوبلاست ۋە 16 ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى ئىككى مىليون 110 نەچچە مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ⑤، ئومۇمىي ئاھالىسى 20 مىليون 893 مىڭ⑥ بولۇپ، ھەربىر كۋادرات كىلومېتىر جايدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9.9 كىشى بولۇپ، ئاران مەملىكەت بويىچە ئاھالە زىچلىقىنىڭ ئوندىن بىرىگىلا تەڭ كېلىدۇ.

لېكىن ھەرقايسى مۇسۇلمانلار رايونلىرىنىڭ ئاھالە زىچلىقىدا پەرق ناھايىتى چوڭ (3 ـ جەدۋەلگە قاراڭ). ئاپتونوم رايونلاردىن قارىغاندا، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاھالە زىچلىقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭكىدىن تەخمىنەن يەتتە ھەسسە ئارتۇق؛ ئاپتونوم ئوبلاستلاردىن قارىغاندا، ئاھالە زىچلىقى ئەڭ يۇقىرى بولغان ئوبلاست شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى بولۇپ، ھەر بىر كۋادرات كىلومېتىر جايغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 12 كىشى توغرا كېلىدۇ، ئاھالە زىچلىقى ئەڭ تۆۋەن بولغان چىڭخەي ئۆلكىسى خەيشى موڭغۇل ـ زاڭزۇ ـ قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدا بولسا، ھەر بىر كۋادرات كىلومېتىر جايغا ئاران 0.8 كىشى توغرا كېلىدۇ، دېمەك، ئەڭ يۇقىرى بولغان جاي بىلەن ئەڭ تۆۋەن بولغان جاينىڭ پەرقى تەخمىنەن 1:14؛ ئاپتونوم ناھىيەلەرنىڭ ئاھالە زىچلىقىدىكى پەرق تېخىمۇ چوڭ، مەسىلەن، ھەر بىر كۋادرات كىلومېتىرغا توغرا كېلىدىغان كىشى سانى ئەڭ كۆپ بولغان خېبېي ئۆلكىسى داچاڭ خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئاھالە زىچلىقى 491 گە يەتكەن، ئەمما گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى ئاق ساي قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئاھالە زىچلىقى، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا، 0.2 كىشى ۋە 0.5 كىشى بولۇپ، كېيىنكى ئىككى ناھىيىنى ئالدىنقى ئىككى ناھىيىگە سېلىشتۇرغاندا، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا، 2400:1 ۋە 980:1.

ئاھالە زىچلىقىدا پەرقنىڭ بولۇشىغا، ئاساسەن، تەبىئىي شەرت ـ شارائىتنىڭ پەرقلىق بولۇشى، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، ئېچىش تارىخىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇشى ۋە ئىقتىسادىي، تېخنىكىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇشى سەۋەب بولغان.

مەسىلەن، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىدا ئاھالە زىچلىقىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭكىدىن يەتتە ھەسسىدىن كۆپ بولۇشىغا ھەممىدىن ئاۋال تەبىئىي شەرت ـ شارائىتنىڭ پەرقلىق بولۇشى سەۋەب بولغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر كۆلىمى پۈتۈن مەملىكەت يەر كۆلىمىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ چۆللۈك، سايلىق، تاغلىق قاتارلىق پايدىلانغىلى بولمايدىغان ياكى پايدىلىنىش تەس بولغان يەر كۆلىمى 1 مىليون كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون كۆلىمىنىڭ 61 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ يايلاق، ئورمان ۋە چارۋىچىلىق رايونىنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 530 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون كۆلىمىنىڭ 32.3 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇ بىر قىسىم يەردىن پاي-

دىلانغىلى بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ ماكانلىشىشىغا بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەرلەرنىڭ ئاھالە زىچلىقىنىڭ ناھايىتى تۆۋەن بولىدىغانلىقى تۇرغان گەپ؛ ئۇنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى تەخمىنەن 130 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن تېخى تولۇق پايدىلىنىلمىدى، ئۇنىڭدىن ئۆزلەشتۈ-رۈلگىنى تەخمىنەن 40 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلا بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون كۆلىمىنىڭ 2.4 پىرسەنتىنىلا تەشكىل قىلىدۇ.⑦ يەنە «جۇڭگونىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىسى توغرىسىدا خاتىرە» (شاڭخۇ نەشرىياتى، 1983-يىل نەشرى) دە مۆلچەرلىنىشىچە: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئەمەلىيەتتە كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان يەر بوستانلىق رايونلىرى (جەمئىي 50 مىڭ كۋادرات كىلو-مېتىرچە بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون كۆلىمىنىڭ 3 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ) بىلەنلا چەكلەنگەن، مۇشۇ ئەھۋال بويىچە ھېسابلىغاندا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاھالە زىچلىقى 1949-يىلى 90 كىشى بولغان بولسا، 1982-يىلى كۆپىيىپ 260 چە كىشىگە يەتكەن. ھەتتا بەزى بوستانلىق رايونىنىڭ ئاھالە زىچلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولغان، مەسىلەن، تۇرپان بوستانلىقىنىڭ كۆلىمى 500 كۋادرات كىلومېتىرلا بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۋادرات كىلومېتىر جايغا توغرا كېلىدىغان ئاھالە زىچلىقى 366 كىشىگە يەتكەن⑧. بۇنىڭدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تەبىئىي شەرت-شارائىتى، بولۇپمۇ قۇرغاقچىلىقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، تېخىمۇ كۆپ ئاھالىنى بېقىش ۋە ئاھالە زىچلىقىنى ئۆستۈرۈشتە چەكلەش رولىنى ئوينايدىغانلى-قىنى تولۇق كۆرگىلى بولىدۇ.

نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى ئاھالە زىچلىقىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭكىدىن كۆپ يۇقىرى بولۇشى تەبىئىي شەرت-شارائىت ۋە ئېچىش-پايدىلىنىش قاتارلىق ئامىللار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر كۆلىمى تەخمىنەن 66 مىڭ 400 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت كۆلىمىنىڭ 0.4 پىرسەنتى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كۆلىمىنىڭ 4 پىرسەنتىنىلا تەشكىل قىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ئاپتونوم رايون كۆلىمىنىڭ 13.5 پىرسەنتىنى، سۇ كۆلىمى 1.2 پىرسەنتىنى، ئورمان كۆلىمى 2.2 پىرسەنتىنى، دېھقانچىلىق قىلىشقا لايىق بوز يەر كۆلىمى 9.2 پىرسەنتىنى، ئوتلاق كۆلىمى 25.8 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، چۆللۈك كۆلىمى بولسا 8.4 پىرسەنتىنىلا تەشكىل قىلىدۇ.⑨ دېمەك، نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر كۆلىمى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭكىدىن كۆپ كىچىك بولسىمۇ، لېكىن پايدىلىنىشقا بولىدىغان ياكى پايدىلانغان يەر كۆلىمى نىسبىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭكىدىن كۆپ چوڭ. شۇنىڭ ئۈچۈن، چۆللۈكنىڭ كۆلىمىنى چىقىرىۋېتىپ ھېسابلىغاندا، ئۇنىڭ كۋادرات كىلومېتىر جايغا توغرا كېلىدىغان ئاھالە زىچلىقى 65 كىشىگە يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ نۇر ئېنېرگىيە بايلىقى بىلەن ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە بايلىقى بىر قەدەر مول بولۇپ، شال ۋە بۇغداي قاتارلىق يۇقىرى مەھسۇ-لاتلىق زىرائەتلەرنى تېرىشقا باپ كېلىدۇ، خۇسۇسەن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىغا جايلاشقان يىنچۇەن تۈزلەڭلىكىنىڭ يېرى مۇنبەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇنىڭدىن 2 مىڭ نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىكى چىن ۋە خەن سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىلا چىن ئۆستىڭى، خەن ئۆستىڭى قاتارلىق مەشھۇر سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇپ، بۇرۇندىلا "شىمالدىكى بوستانلىق"، "شىمالدىكى ئاشلىق ماكانى" ۋە "خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدا نىڭشىيالا باي" دېگەن گۈزەل ناملىرى بار.

www.uyghurkitap.com

ىنگشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ كۆپچىلىك ئاھالىسى يىنچۇەن تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان بولغاچقا بۇ يەردە ئاھالە زىچلىقى تەبىئىي ھالدا تېخىمۇ يۇقىرى.

مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ئاپتونوم ئوبلاست دەرىجىلىك رايونلىرى ئىچىدە ئاھالە زىچلىقى ئەڭ تۆۋەن بولغان ئوبلاست چىڭخەي ئۆلكىسى خەيشى موڭغۇل-زاڭزۇ-قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئوبلاستنىڭ تەبىئىي شەرت-شارائىتى بىر قەدەر ناچار، ئۇ چىڭخەي-شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى سەيدام ئويمانلىقىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، دېڭىز يۈزىدىن بەك ئېگىز (2600 — 3000 مېتىر)، ھارارەت تۆۋەن، يېغىن مىقدارى ئاز، پارغا ئايلىنىش تېز، قۇرغاقلىق دەرىجىسى يۇقىرى ۋە تەبىئىي بايلىق مول بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە، لېكىن ئۇنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش تەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزاقتىن بۇيان قالاق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى تەرىپىدىن بوغۇلۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئاھالە ناھايىتى ئاز، شالاڭ. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنىڭ مۆلچەرلىشىچە، ئازادلىقنىڭ ھارپىسىدا بۇ يەردە تارقاق ئولتۇراقلاشقان ھەر مىللەت خەلقى 17 مىڭدىن ئارتۇقلا بولۇپ، ھەر كۋادرات كىلومېتىردىكى ئاھالە زىچلىقى 0.05 كىشى ئىدى، ئۇلارنىڭ تولىسى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئازادلىقتىن كېيىن، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشىلانغانلىقى ۋە داۋالاش-سەھىيە شارائىتى ياخشىلانغانلىقى ئارقىسىدا، ئاھالىنىڭ كۆپىيىشى ئۈزلۈكسىز تۈردە تېز بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئازادلىقتىن ئىلگىرى باشقا جايلارغا قېچىپ كەتكەن موڭغۇل، زاڭزۇ ۋە قازاق قاتارلىق مىللەت خەلقى كەينى-كەينىدىن قايتىپ كەلگەنلىكى، شۇنىڭدەك خەيشى ئوبلاستىنىڭ تېز ئېچىلىشى ۋە گۈللەندۈرۈلۈشى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ئەمگەكچى خەلق كېلىپ ياردەم قىلغانلىقى ئارقىسىدا ئاھالە تېز كۆپەيدى، ئاھالە زىچلىقىمۇ 0.8 گە يېتىپ، ئازادلىقنىڭ ھارپىسىدىكى زىچلىقتىن 15 ھەسسە كۆپەيدى.

داچاڭ خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى ھەرقايسى مۇسۇلمان مىللەت ئاپتونوم رايونلىرى ئىچىدە ئاھالە زىچلىقى ئەڭ يۇقىرى بولغان جاي ھېسابلىنىدۇ، ئۇ بېيجىڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىغا خوشنا بولۇپ، يەر تۈزلۈكى تەكشى، تۇپراق قاتلىمى قېلىن، قىروسىز مەزگىلى ئۇزۇن، يېغىن بىر قەدەر كۆپ، ئېچىلىش تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، شىمالىي جۇڭگو تۈزلەڭلىكىدە ئاشلىق، پاختا چىقىدىغان مۇھىم جايلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئازادلىقتىن كېيىن، ئاھالىسىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىشى تېز، ئاھالە زىچلىقىنىڭ ئۆسۈشىمۇ تېز بولدى.

ئىزاھلار:

1. «جۇڭگو ئىستاتىستىكا يىلنامىسى»، جۇڭگو ئىستاتىستىكا نەشرىياتى، 1983-يىل نەشرى.

2. «ياپونىيە تاقىم ئاراللىرىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا»، شاڭخەي نەشرىياتى، 1972-يىل نەشرى، 42-43-بەتلەر.

3. گۇ يەنۋۇ: «دۇنيا ئەللىرى جۇغراپىيىسى».

4. 5. ئاپتونوم رايون ۋە ئاپتونوم ئوبلاستلارغا جايلاشقان مىللىي رايونلارنىڭ كۆلىمى تەكرار ھېسابلانمىدى.

6. 7. «جۇڭگودىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات»، 5-توم.

8. خۇ شۆچىڭ: «تۇرپاننىڭ ئاھالە زىچلىقى ۋە ئاھالە توغرىسىدىكى پىلان»، 1983-يىل نەشرى.

# 1964 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئاھالىسىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىدىكى ئۆزگىرىش

(1 جەدۋەل)　　　　(پىرسەنت)

| رايون | 1964 - يىلى | 1982 - يىلى | رايون | 1964 - يىلى | 1982 - يىلى |
|---|---|---|---|---|---|
| بېيجىڭ | 1.68 | 1.27 | جېجياڭ | 0.04 | 0.06 |
| تيەنجىن | 1.16 | 0.98 | ئەنخۇي | 1.66 | 1.75 |
| خېبېي | 3.42 | 2.87 | جياڭشى | 0.05 | 0.05 |
| ئىچكى موڭغۇل | 1.21 | 1.16 | فۇجيەن | 0.10 | 0.21 |
| سەنشى | 0.37 | 0.36 | شەندۇڭ | 3.07 | 2.67 |
| لياۋنىڭ | 1.93 | 1.64 | گۇاڭدۇڭ | 0.08 | 0.07 |
| جىلىن | 0.85 | 0.76 | گۇاڭشى | 0.14 | 0.13 |
| خېيلۇڭجياڭ | 0.87 | 0.88 | خۇنەن | 0.50 | 0.49 |
| شاڭخەي | 0.43 | 0.30 | خۇبېي | 0.50 | 0.48 |
| جياڭسۇ | 0.85 | 0.71 | خېنەن | 5.19 | 5.00 |
| سىچۇەن | 0.62 | 0.62 | گەنسۇ | 8.02 | 8.29 |
| يۈننەن | 2.88 | 3.00 | چىڭخەي | 3.36 | 4.09 |
| گۈيجۇ | 0.59 | 0.68 | شىنجاڭ | 52.47 | 52.18 |
| شىزاڭ | 0.01 | 0.01 | نىڭشيا | 7.00 | 8.45 |
| شەنشى | 0.94 | 0.81 | | | |

بۇ جەدۋەل 1982 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا ئاساسەن ئىشلەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## شەھەر ۋە ناھىيە بويىچە ھېسابلانغان مۇسۇلمانلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىدىكى ئۆزگىرىشلەر

(2-جەدۋەل)　　　　(بىرلىك: دانە)

| مىللەت | 1964-يىلى | 1982-يىلى | 1964-يىلدىن 1982-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا كۆپەيگەن شەھەر ۋە ناھىيە | |
|---|---|---|---|---|
| | | | ئومۇمى سان | ئوتتۇرىچە يىلىغا كۆپەيگەن سان |
| خۇيزۇ | 2125 | 2310 | 185 | 10.3 |
| ئۇيغۇر | 297 | 478 | 181 | 10.1 |
| قازاق | 112 | 151 | 39 | 2.2 |
| دۇڭشياڭ | 112 | 206 | 94 | 5.2 |
| قىرغىز | 91 | 107 | 16 | 0.9 |
| سالا | 116 | 144 | 28 | 1.6 |
| تاجىك | 37 | 38 | 1 | 0.06 |
| ئۆزبەك | 85 | 89 | 4 | 0.2 |
| باۋئەن | 36 | 76 | 40 | 2.2 |
| تاتار | 66 | 62 | -4 | -0.2 |

1964-ۋە 1982-يىللىرى ئېلىپ بېرىلغان نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا ئاساسەن تۈزۈلدى.

## 1982 ـ يىلىدىكى ھەرقايسى مۇسۇلمان مىللەتلەر رايونلىرىدىكى ئاھالە زىچلىقى

(3جەدۋەل) (كۋادرات كىلومېتىر/كىشى)

| مىللىي رايونلار | ئاھالە زىچلىقى |
|---|---|
| نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى | 59 |
| شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى | 8 |
| گەنسۇ لىنشيا خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | 11 |
| شىنجاڭ سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | 12 |
| شىنجاڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | 10 |
| چىڭخەي خەيشى موڭغۇل ـ زاڭزۇ ـ قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | 0.8 |
| شىنجاڭ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى | 4 |
| شىنجاڭ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى | 0.5 |
| شىنجاڭ بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | 2.6 |
| شىنجاڭ مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | 4 |
| خېبېي ئۆلكىسى مېڭسۈن خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | 361 |
| خېبېي داچاڭ خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | 491 |
| گەنسۇ ئۆلكىسى جاڭجياچۈەن خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | 166 |
| چىڭخەي ئۆلكىسى مېنيۈەن خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | 14 |
| چىڭخەي ئۆلكىسى خۇالۇڭ خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | 64 |
| شىنجاڭ يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | 0.6 |
| گەنسۇ ئۆلكىسى ئاقساي قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | 0.2 |
| گەنسۇ دۇڭشياڭ ئاپتونوم ناھىيىسى | 123 |
| گەنسۇ ئۆلكىسى جىشىشەن باۋئەن ـ دۇڭشياڭ ـ سالا ئاپتونوم ناھىيىسى | 95 |
| يۈننەن ئۆلكىسى ۋېيشەن يىزۇ ـ خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | 112 |
| يۈننەن شۈندىيەن خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | 108 |
| گۈيجۇ ئۆلكىسى ۋېينىڭ يىزۇ ـ مياۋزۇ ـ خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | 119 |
| چىڭخەي ئۆلكىسى شۈنخۇا سالا ئاپتونوم ناھىيىسى | 48 |

1982 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ماتېرىيالى ۋە ھەرقايسى مىللىي رايونلارنىڭ سانلىق ماتېرىيالىغا ئاساسەن تۈزۈلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 1982-يىلدىكى ھەرقايسى مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ئاپتونوم جايلىرىنىڭ ئاھال ئەھۋالى

(4-جەدۋەل)

| مىللەت | ئاپتونوم جايلار | شۇ مىللەتنىڭ ئاھالىسى (كىشى) | شۇ ئاپتونوم جايدىكى ئاھالىدە تۇتقان پىرسەنت | ئاپتونوم جايدىكى شۇ مىللەتنىڭ ئومۇمى سانى (كىشى) |
|---|---|---|---|---|
| خۇيزۇ | نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى | 1,235,207 | 31.7 | 2,204,364 |
| | شىنجاڭ سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | 125,996 | 11.0 | |
| | شىنجاڭ يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | 21,208 | 17.7 | |
| | گەنسۇ ئۆلكىسى لىنشيا-خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | 476,515 | 34.6 | |
| | گەنسۇ ئۆلكىسى جاڭجيا-چۈەن خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | 145,990 | 68.0 | |
| | چىڭخەي ئۆلكىسى مېنيۈەن خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | 43,458 | 34.8 | |
| | چىڭخەي ئۆلكىسى خۇالۇڭ خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | 86,735 | 49.4 | |
| | خېبېي ئۆلكىسى مېڭسۈن خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | 3,158 | 22.6 | |
| | خېبېي داچاڭ خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | 17,999 | 20.6 | |
| | يۈننەن ئۆلكىسى ۋېشەن يىزۇ-خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | 16,675 | 6.8 | |
| | يۈننەن ئۆلكىسى شۈندىيەن خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | 44,178 | 10.6 | |
| | گۇيجۇ ئۆلكىسى ۋېنىڭ يىزۇ-مياۋزۇ-خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | 57,416 | 7.6 | |

| مىللەت | ئاپتونوم جايلار | شۇ مىللەتنىڭ ئاھالىسى (كىشى) | شۇ ئاپتونوم جايدىكى ئاھالىدە ئۆتقان پىرسەنت | ئاپتونوم جايدىكى شۇ مىللەتنىڭ ئومۇمى سانى (كىشى) |
|---|---|---|---|---|
| ئۇيغۇر | شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى | 5,949,661 | 45.5 | 5,949,661 |
| قازاق | شىنجاڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | 709,556 | 24.2 | 749,287 |
| | شىنجاڭ بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | 21,632 | 21.9 | |
| | شىنجاڭ مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | 14,335 | 18.5 | |
| | گەنسۇ ئۆلكىسى ئاقساي قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | 2,313 | 33.9 | |
| | چىڭخەي خەيشى موڭغۇل-زاڭزۇ-قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | 1,451 | 0.5 | |
| قىرغىز | شىنجاڭ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى | 85,847 | 29.0 | 85,847 |
| تاجىك | شىنجاڭ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى | 16,337 | 8.1 | 16,337 |
| دۇڭشياڭ | گەنسۇ ئۆلكىسى دۇڭشياڭ ئاپتونوم ناھىيىسى | 132,760 | 70.9 | 142,682 |
| | گەنسۇ ئۆلكىسى جىشىشەن باۋئەن-دۇڭشياڭ-سالا ئاپتونوم ناھىيىسى | 9,922 | 5.9 | |
| سالا | چىڭخەي ئۆلكىسى شۈنخۇا سالا ئاپتونوم ناھىيىسى | 48,400 | 57.9 | 52,412 |
| | گەنسۇ ئۆلكىسى جىشىشەن باۋئەن-دۇڭشياڭ-سالا ئاپتونوم ناھىيىسى | 4,012 | 2.4 | |
| باۋئەن | گەنسۇ ئۆلكىسى جىشىشەن باۋئەن-دۇڭشياڭ-سالا ئاپتونوم ناھىيىسى | 8,017 | 4.7 | 8,017 |

1982-يىلى ئېلىپ بېرىلغان نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا ئاساسەن تۈزۈلدى.

# ئىسلام شەرىئىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

جاك جىچېك

"شەرىئەت" دېگەن ئەرەبچە سۆز بولۇپ ئاللادىن كەلگەن ۋەھىيگە ۋە ھەدىسكە ئاساسەن تۇرغۇزۇلغان دىنىي قانۇندىن ئىبارەت.

ئىسلام دىنى 7-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مەيدانغا كەلگەن، شەرىئەت بولسا ئىسلام ھاكىمىيىتى دەسلەپكى قەدەمدە تىكلەنگەندىن كېيىن ۋۇجۇتقا كېلىشكە باشلىغان. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام دىنىي دەۋەت ئېلىپ بارغان دەسلەپكى مەزگىل (مەككە مەزگىلى)دە، دىنىي پەرز ياكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەھەتتە ئۆزىنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق باشقىلارغا تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى، مۇسۇلمانلار دىنىي پەرزلەرگە ئىختىيارىي ھالدا رىئايە قىلاتتى، چەكلەش كۈچىگە ئىگە قائىدە-نىزاملار تېخى شەكىللەنمىگەن ئىدى. دىنىي دەۋەتنىڭ كېيىنكى مەزگىلى (مەدىنە مەزگىلى)گە كەلگەندە، ئىسلام ھاكىمىيىتى ۋە ئىسلام قوراللىق كۈچىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام شۇ چاغلاردا تۇغۇلغان ۋە ھەل قىلىش جىددىي زۆرۈر بولغان نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەر توغرىسىدا، ئاللا ۋەھىيى قىلىپ چۈشۈرگەن قۇرئانغا ۋە ئۆزىنىڭ سۆز-ھەرىكىتى (ھەدىس)گە ئاساسەن، مۇسۇلمانلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى ۋە دۇنيالىق تۇرمۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ھەم بۇ جەھەتلەردىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان بەزى قائىدە-نىزاملارنى تۈزۈپ چىقتى. مانا بۇ ئىسلام دىنى قانۇن تۈزگەن دەسلەپكى مەزگىل، ياكى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بىخ سۈرۈش مەزگىلى ئىدى.

مىلادى 632-يىلى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئۇ دۇنياغا رىھلەت قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلىدىن ئىبارەت تۆت خەلىپە ۋارىسلىق قىلدى. مىلادى 632-يىلدىن 661-يىلغىچە خەلىپىلەرنىڭ قوشۇنلىرى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئافرىقىنىڭ كەڭ زېمىنلىرىنى بوي سۇندۇرۇپ، ئەرەب خەلىپىلىكى ئىمپېرىيەسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. بۇ ۋاقىتتا ھەرخىل ئىجتىمائىي مەسىلە گەۋدىلىنىپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن خەلىپىلەر، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش، ئاللادىن بىۋاستە ۋەھىي ئالالمىغاچقا، "شەرىئەت" ئورنىتالمىدى. شۇڭا، ئۇلار، بىر تەرەپتىن، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام بەلگىلەپ بەرگەن ھەرخىل قائىدە-نىزاملارغا يەنى قۇرئان ۋە ھەدىستە بەلگىلەنگەن قانۇنلارغا ۋارىسلىق قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتىدىكى يېڭى ئېھتىياجغا ئاساسەن، قۇرئان ۋە ھەدىستە ھەل قىلىنغان مەسىلىلەرنىڭ روھى بويىچە، ئىلگىرىكى بەزى قائىدە-نىزاملارنى تولۇقلىدى ۋە يېڭى قائىدە-نىزاملارنى ئورناتتى. مەسىلەن، بىرەر يېڭى ئىش تۇغۇلسا،

قۇرئان ۋە ھەدىستىكى بەلگىلىمىلەردىن باشقا، يەنە "كېڭىشىش" ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يەنى ساھابىلەرنى يىغىپ پىكىر ئېلىپ، ئۇ ئىش توغرىسىدا قارار چىقاردى. كېيىنكى چاغلاردا بۇ كېڭىشىپ بىرلىككە كېلىشنىڭ نەتىجىسى "ئىجمائ" (بىرلىككە كەلگەن پىكىر) دەپ ئاتالدى. لېكىن، ئەرەب زېمىنىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ھەرقايسى جايلارغا ئەۋەتىلگەن قازىلارنى يىغىپ، بۇنداق بىرلىككە كەلگەن پىكىرنى ھاسىل قىلىش قىيىن بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن. "قىياس قىلىش" (ھەل قىلىنماقچى بولغان يېڭى مەسىلىنى قۇرئان ۋە ھەدىستە ھەل قىلىنغان مەسىلىلەرگە سېلىشتۇرۇپ، شۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىغا ئوخشايدىغان ئۇسۇللارنى تېپىپ چىقىش) يولى بىلەن تۈزۈپ چىقىلغان يېڭى شەرىئەت بەلگىلىمىلىرى بارلىققا كەلدى، ئىككىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئۆمەر "قىياس قىلىش" ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، نۇرغۇن تۈزۈملەرنى ئورناتتى.

"ئىجمائ" بىلەن "قىياس"نىڭ مەيدانغا كېلىشى ئارقىسىدا، ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى شەرىئەتنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە بېيىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىسلام شەرىئىتىنى بەرپا قىلىشتا قۇرئان، ھەدىس، "ئىجمائ" ۋە "قىياس"تىن ئىبارەت 4 ئاساس شەكىللىنىپ، كېيىنكى فىقھە ئالىملىرىنىڭ يېڭى شەرىئەت بەلگىلىمىلىرىنى بېكىتىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بېرىلدى. بۇ دەۋرنى ئىسلام شەرىئىتىگە ئاساس سېلىنغان دەۋر دېيىشكە بولىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا يا بىرلىككە كەلگەن بىر قانۇن چىقىرىش تۈزۈمى ۋە تەشكىلات، ياكى رەسمىي بىرەر قانۇنلار دەستۇرى يوق بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساھابىلەرگە ئۆزىنىڭ پىكرى بويىچە ھۆكۈم قىلىشقا رۇخسەت بېرىلگەنلىكى نەتىجىسىدە، مۇقەررەر ھالدا بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان پەتىۋالار يەنى قۇرئان ۋە ھەدىستىكى قائىدە-نىزاملارغا ئىزاھ بېرىش، ياكى يېڭى قائىدە-نىزاملار كېلىپ چىقتى. پاكىت دەل شۇنداق بولدىكى، بۇ ھال كېيىنكى مەزھەبلەرنىڭ تالاش-تارتىشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتتى.

تۆت خەلىپىدىن كېيىن، ئۇمەۋىيە سۇلالىسى (661 — 750-يىللار)، ئابباسىيلار سۇلالىسى (750 — 1258-يىللار) دېگەن ئىككى ئاساسىي سۇلالە بارلىققا كەلدى. ئابباسىيلار سۇلالىسى كېيىنكى چاغلاردا يەنە بىرقانچە يەرلىك سۇلالىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئافرىقىغىچە كېڭەيگەن بۇ خەلىپىلىك ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاھالىلىرى پېرسىيە، رىم، يۇنان مەدەنىيىتى ھەتتا جۇڭگو ۋە ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ ئامىللىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، يېڭىچە بىر خىل "ئەرەب مەدەنىيىتى" ياكى "ئىسلام مەدەنىيىتى"نى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. بۇ مۇھىم ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ، ئىسلام شەرىئىتىمۇ تەرەققىي قىلىپ، سىستېمىلىق شەرىئەت ئىلمى (فىقھە ئىلمى) پەيدىنپەي شەكىللەندى، ئوخشاش بولمىغان خاھىشقا ۋەكىللىك قىلىدىغان مەزھەبلەر پەيدا بولۇپ، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ قانۇن دەستۇرىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ دەۋرنى ئىسلام شەرىئىتى تازا تەرەققىي قىلغان دەۋر دەپ ئاتايمىز، بەزىلەر "ئىسلام شەرىئىتى كامالىغا يەتكەن دەۋر" دەپ ئاتايدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئىسلام دىنىدىكى سۈننىيلارنىڭ مەزھەبلىرى ئىسلام دىنىنىڭ تۆت ئەنئەنىچى ئالىمى تەرىپىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن. ئۇلار ھەزرىتى ئەبۇ ھەنىفە (702 — 772 ـ يىللار)، ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەس (713 — 795 ـ يىللار)، ئىمام مۇھەممەت ئىبنى ئىدرىس شافىئىي (767 — 820 ـ يىللار)، ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلىي (780 — 855 ـ يىللار) دىن ئىبارەت. بۇ تۆت مەزھەب ۋاقىت تەرتىپى بويىچە مۇنداق تىزىلىدۇ: ھەنەفىي، مالىكىي، شافىئىي، ھەنبەلىي. ئادەم سانى، كۆلىمى، شۇنىڭدەك ئىلمىي مۇۋەپپەقىيىتى ۋە تەسىرىدىن قارىغاندا، ھەنەفىي مەزھىبى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇ ئەڭ چوڭ مەزھەب بولۇپ، ئىسلام دۇنياسىدا ناھايىتى كەڭ تارقالغان. شافىئىي مەزھىبى ئىككىنچى ئورۇندا، مالىكىي مەزھىبى ئۈچىنچى ئورۇندا، ھەنبەلىي مەزھىبى تۆتىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ تۆت مەزھەب ئوتتۇرىسىدا پرىنسىپ جەھەتتە بىرلىك بار، ئىختىلاپ يوق. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ، ئاساسەن، دىنىي ۋە دۇنيالىق جەھەتتىكى ئۇششاق مەسىلىلەردە بولۇپ، بۇ ئىختىلاپلار بىلىش نەزەرىيىسى كاتېگورىيىسىگە ئەمەس، بەلكى مېتودولوگىيە كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. پەتىۋا چىقىرىش جەھەتتە، بۇ تۆت مەزھەبتىن ھەنەفىي مەزھىبى ئەقىل ـ ئىدرەكنى ئىشقا سېلىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ، يەنى قۇرئان ۋە ھەدىستىكى سۆزلەر بىلەن ئۆزىنى چۇشەپ قويماي، كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت ھەل قىلىدۇ؛ شافىئىي مەزھىبى ئەمەلىيەتكە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، پەتىۋا چىقىرىشتا شۇ ۋاقىت ۋە شۇ جاينىڭ ئوبيېكتىپ ئەھۋالىنى، مەسىلەن، تارىخىي ئەنئەنىسى، ئىدىيىۋى كەيپىياتى، ئۆرپ ـ ئادىتى، شەرت ـ شارائىتىغا ئوخشاش ئىجتىمائىي ئامىللارنى ھېسابقا ئالىدۇ؛ ئىمام مالىك مەدىنىدە تۇغۇلۇپ، "مۇقەددەس جاي"نىڭ ئەنئەنىۋى تەسىرىگە ئۇچرىغان بولغاچقا، پەتىۋادا سەل قاتتىق، ئۇنىڭ مەنئى قىلغانلىرىمۇ بىر قەدەر كۆپ، شۇڭا ئۇ ئەنئەنىچىلەر ئىچىدىكى ئەنئەنىچى دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئىمام ھەنبەلىي پەتىۋا چىقىرىش جەھەتتە بەكمۇ ئەركىن بولۇپ كېتىش خاھىشىنىڭ باش كۆتۈرۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، قۇرئان ۋە ھەدىسكە قاتتىق ئەمەل قىلىشنى بەك تەشەببۇس قىلىپ، شەخسىي پىكىرگە ئاساسەن ئىش كۆرۈشكە قەتئىي قارشى تۇرغان، تۆت مەزھەب ئىچىدە ئۇنىڭ مەزھىبى سەل مۇتەئەسسىپ، ئاسانلىقچە پەتىۋا چىقارمايدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، تۆت مەزھەب دىنىي جەھەتتىكى مەزھەب ئەمەس، بەلكى شەرىئەت ئىلمى جەھەتتىكى مەزھەب. شۇڭا، تارىختىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇلار ئاساسەن تىنچ بىللە تۇرۇپ، ئىشتا ئىتتىپاق بولۇپ كەلدى. بۇ ئىماملارنىڭ تۆتىلىسى ئەخلاق جەھەتتە ئوبدان تەربىيە ئالغان، قائىدە ـ نىزاملارغا قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان دىيانەتلىك كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ روھى ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرى تەرىپىدىن ئەۋلادتىن ئەۋلادقا تارقىلىپ كەلدى. يېقىنقى زامانلاردا ئىسلام مەملىكەتلىرىدە غەربچە ئەدلىيە ئورگانلىرى تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تۆت فەقىھ (فىقھە ئالىمى)نىڭ پەتىۋا چىقىرىش روھى ۋە ئەنئەنىسى ھېلىمۇ ئۆز پېتىچە ساقلىنىۋاتىدۇ.

ئۇلار يازغان قانۇن دەستۇرلىرىدىن «فىقھۇل ئەكبەر»، «مۇسنەد»، «كىتابۇلمەبسۇت» (ھەنەفىي)؛ «مۇۋەتتەئ» (مالىكىي)؛ «رىسالە»، «كىتابۇلئۇممە» (شافىئىي)؛ «رەسۇلغا ئىتائەت»

(ھەنبەلىي) قاتارلىقلار بار.

ئىسلام دىنىنىڭ شىئە مەزھىپىنىڭمۇ ئۆزىنىڭ فەقىھلىرى بار، ئۇلار زەيدچى ھەسەن، ئۇنىڭكى ئىمامچى ئىمام باقىر، جەئفەر، ئەبۇ ئەلى قاتارلىقلاردۇر. ئىسمائىلچىلار مىسىردا بىر مەھەل ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن ۋە ئەزھەر جامەسىنى قۇرۇپ، كىتاپ چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ شەرىئەت تۈزۈمىنى تىكلەش ئۈچۈن بىر قاتار تەلىماتلىرىنى تەشۋىق قىلغان، كېيىنكى چاغلاردا سۈننىي مەزھىپىنىڭ تۆت فىقھچىلىرى ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتتى، شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ئىسمائىلچىلاردىن يىراقلاشتى.

جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى سۈننىي مەزھىپىگە كىرىدۇ. ھەنەفىي، مالىكىي، شافىئىي، ھەنبەلىي مەزھەپلىرىنىڭ تۆتىلىسى جۇڭگودا ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى مەسچىتلەردىكى دىنىي دەرسلەردە ئوقۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ نوقتىئىنەزەرلىرى شەرىئەت ۋە تۇرمۇش جەھەتتە ئاز-تولا سۆزلىنىدۇ. ئورتاق ئوقۇلىدىغان فىقھە دەرسلىكلىرىدىن «شەرھى ۋىقايە»، «ئۇمدە»، «شامى» قاتارلىقلار بار.

# لەندىيەنچاڭدا ساقلانغان قىممەتلىك يازما قۇرئان

لىن سۇڭ

بېيجىڭ خەيدىيەن رايونىدىكى لەندىيەنچاڭ مەسچىتىدە ئىسلام دىنىنىڭ بەزى مۇھىم كىتابلىرى ساقلانغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ھەممىدىن قىممەتلىكى رېتى بويىچە 30 پارە قىلىپ شىرازلانغان ئەرەبچە يازما قۇرئاندۇر. ئۇزاق يىللار بولغانلىقتىن، بەزى يەرلىرى كىرلىشىپ ۋە يىرتىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن قۇرئان ئايەتلىرىگە نۇقسان يەتمىگەن.

ئۆتكەنكى نەچچە يۈز يىل ئىچىدە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا تارقالغان نۇرغۇن يازما دىنىي كىتابلارغا ئوخشاش، كاتىپ ئۇنى ئاۋال ئاسان يىرتىلمايدىغان ئەۋرىشىمسىمان ئاق قەغەزگە يېزىپ، رەتلەپ شىرازلىغاندىن كېيىن، ئۇنى تېشىغا رەخت چاپلانغان قاتتىق قەغەز بىلەن مۇقاۋىلىغان. بۇ قۇرئاننىڭ شىرازلىنىشىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي كىتابلارغا نە قەدەر ئەستايىدىللىق ۋە ئىخلاسمەنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

لەندىيەنچاڭ مەسچىتىدە ساقلانغان بۇ قۇرئاننىڭ خەتلىرى شۇنداق توجۇپلەپ، ناھايىتى چىرايلىق يېزىلغان. خەتلەرنىڭ يېزىلىشىدىن قارىغاندا، ئىسلام مۇدەررىسلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە، ئالاھىدە ياسالغان قومۇش قەلەم بىلەن يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ قۇرئاننىڭ ئوچۇق ئالاھىدىلىكى شۇكى، خەتلىرى جانلىق، تەكشى، باشتىن-ئاخىر بىر خىل يېزىلغان بولۇپ، كاتىپنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە خەتتات ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ.

يېزىش ئۇسلۇبىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. ھەر بىر بەتنىڭ بويى تەخمىنەن 26 سانتىمېتىر، ئېنى 19.5 سانتىمېتىر بولۇپ، چۆرىسىدە ئاق قالدۇرۇلغان يەرلەرنى چىقىرىۋەتكەندە، ئايەتلەر

www.uyghurkitap.com

يېزىلغان يەرنىڭ ئورنى نەخمىنەن 20 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە، 13 سانتىمېتىر كەڭلىكتە كېلىدۇ.
ھەر بىر بەتكە بەش قۇر يېزىلغان. خەتلەرنىڭ ئۈستىخانلىرى شۇنداق ئېنىقكى، ھەر بىر ھەرپ،
ھەرپلەرنىڭ ئاستى-ئۈستىگە قويۇلغان ھەر بىر ئالامەت كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. قاتلاش ۋە
شىرازلاشتا خاتا بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ھەر بەتنىڭ ئاستىنقى سول بۇرجىكىگە كەيىندىكى
بەتنىڭ بېشىدىكى كەلىمە يېزىپ قويۇلغان.

قۇرئاننى تىلاۋەت قىلغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاش ئۈچۈن، كاتىپ ئايەتلەرنى قارا سىيا
بىلەن قېتىقنىپ يازغاندىن باشقا، ھەرپلەرنىڭ ئۈستىگە قىزىل سىيا بىلەن ھەر خىل بەلگە-
ئالامەتلەرنى ئالاھىدە قويۇپ چىققان. مەسىلەن، ھەر بىر ئايەتنىڭ ئاخىرىغا "ە" ئالامىتى قويۇلغان.
ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ھەر بىر ئايەتنىڭ ئاخىرىغا تەرتىپ نومۇرى بېرىلمىگەچكە، ئاختۇرۇشقا
بىئەپ بولۇپ قالغان. ئەمما قۇرئاننىڭ مەملىكىتىمىزدە تارقالغان ياغاچ ئويما، قول يازما نۇسخە-
لىرىنىڭ ھەممىسىدە ئاشۇنداق قىلىنغان، بۇنىڭغا قارىغاندا، ئاشۇنداق قىلىشنى بىر خىل ئەنئەنىۋى
ئادەت دېيىشكە بولىدۇ، بۇنىڭ ئەيىپلىگۈچىلىكى يوق. بۇنىڭدىن باشقا، بىر مۇنچە قىزىل ئالامەت-
لەر بار بولۇپ، بۇلاردىن ئاساسەن تىلاۋەت قىلىشتا پايدىلىنىلىدۇ، مەسىلەن، "لا" توختاشقا
بولمايدىغان يەر دېگەننى، "ج" سەل توختۇۋېلىشقا بولىدىغان يەر دېگەننى، "ە"سوزۇپ ئوقۇش
لازىم دېگەننى، "ن" ئاشۇ ھەرپنى ئۈچ-ۋق چىقىرىپ ئوقۇش لازىم دېگەننى، "ش"
بىر ھەرپنى ئىككى ھەرپ قىلىپ ئوقۇش لازىم دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ھەر بىر سۈرىنىڭ ئىسمىمۇ
قىزىل ھەرپ بىلەن كۆرسىتىلگەن. قۇرئاندىكى سەجدە ئايەتلىرىنىڭ يېنىغا "سجده" (سەجدە)
دېگەن سۆز يېزىپ قويۇلغان.

يازغۇچىلىك چۈشۈرۈپ قويۇلغان يەرلەرمۇ يوق ئەمەس، لېكىن ئۇنداق يەرلەر بىر-بىرلەپ
تۈزىتىلگەن، بۇنىڭدىن يېزىپ بولغاندىن كېيىن سېلىشتۇرۇپ چىقىلغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.
مەسىلەن، بىرىنچى پارىنىڭ ئىككىنچى سۈرىسى بولغان «بەقەر سۈرىسى»نىڭ 106 — 107 -ئايەت-
لىرى ئوتتۇرىسىدا يېرىم ئايەت چۈشۈپ قالغان ئىكەن، ئېھتىمال بۇ كېيىن مەلۇم بولغان بولسا
كېرەك، بۇ بەتنى باشقىدىن يېزىشقا ئۈلگۈرەلمىگەچكە، ئۆز ئورنىغا قىستۇرۇپ يېزىپ قويۇلغان،
شۇنىڭ بىلەن بۇ بەت 6 قۇر بولۇپ قالغان، ئەمما بۇنداق ئەھۋال كۆپ ئەمەس.

بۇ قۇرئاننى يازغان كىشى يا ئۆزىنىڭ ئىسمىنى يېزىپ قالدۇرمىغان، ياكى يازغان ۋاقتىنى
يېزىپ قويمىغان، شۇنىڭ بىلەن كېيىنكىلەرنىڭ ئۇنىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى ئېنىق بىلىشى قىيىن
بولۇپ قالغان. لېكىن ئۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن قەغەز، رەختلەردىن، ئۇنىڭ كونىراپ كەتكەنلىكىدىن
قارىغاندا ۋە ئۇنى لەندىيەنچاڭ مەسچىتىدە ساقلانغان باشقا يازما دىنىي كىتابلارغا سېلىشتۇرغاندا،
ئۇ چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ يىللىرىدا يېزىلغاندەك تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا
يېزىلغاندەك تۇرغان باشقا ئىككى پارە قۇرئاندىن ئاساسلىنىشقا بولىدىغان يىپ ئۇچى تاپقىلى
بولىدۇ: بىرسى مەخسۇسلا 18-سۈرە (كەھف سۈرىسى) يېزىلغان قول يازما بولۇپ، ئۇنىڭ ئەستە-
رىگە "گۇاڭشۈنىڭ 10-يىلى (1884-يىلى) 6-ئاينىڭ 10-كۈنى" دېگەن خەتلەر يېزىپ قويۇل-
غان؛ يەنە بىرسى تېشىغا «كلام الله» (ئاللانىڭ سۆزى) دېگەن سۆز يېزىلغان قول يازما بولۇپ،

ئۇنىڭ مۇقاۋىسىنىڭ ئەستىرىگە "گۇاڭشۈنىڭ 15 ـ يىلى (1889 ـ يىلى) 11 ـ ئاي" دېگەن خەتلەر يېزىلغان. بۇنىڭدىن بۇ 30 پارە يازما قۇرئاننىڭ مۇشۇ ئىككى ۋاقىتتىن ئىلگىرى يەنى گۇاڭشۈنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى ياكى ئوتتۇرا مەزگىلىدە يېزىلغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ (ئىلاۋە: گۇاڭشۈ پادىشاسى ئەيشىنجۆلو زەيتيەن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر 1875 ـ يىلىدىن 1908 ـ يىلىغىچە بولغان 34 يىل ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەنە بىر پاكىت بار: مەملىكىتىمىزدە كەڭ تارقالغان ياغاچقا ئويۇپ بېسىلغان بىر قۇرئان (كاتىپ يۈننەنلىك مەشھۇر مۇدەررىس تيەن جيايېي)نىڭ يېزىلىشى، قۇرلىرى ھېلىقى قۇرئاننىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ بىرىنچى پارىسىنىڭ ئالدىنقى ئىككى بېتىگە ئۈچ قۇردىن يېزىلغاندىن باشقا، قالغان بەتلىرىنىڭ ھەممىسىگە بەش قۇردىن يېزىلغان بولۇپ، ھەرپلەرنىڭ ئۇستىخانلىرىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. ياغاچقا ئويۇپ بېسىلغان بۇ قۇرئان بىرىنچى قېتىم ھىجرىيىنىڭ 1313 ـ يىلى يەنى مىلادىنىڭ 1895 ـ يىلى، گۇاڭشۈنىڭ 21 ـ يىلى بېسىلغان. لەندىيەنچاڭ مەسچىتىدە ساقلانغان يازما قۇرئاننىڭ بۇ ياغاچ ئويما قۇرئاندىن سەل بالدۇرراق ياكى كېيىنرەك يېزىلغانلىقىنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇ. ئەگەر مۇشۇ پەرەز ئىز بېسىپ تۇرالىسا، ئۇ چاغدا، بۇ يازما قۇرئاننىڭ ساقلانغىنىغا يۈز يىلچە بولغان بولىدۇ.

بۇ قۇرئاننىڭ بىرىنچى پارىسىنىڭ مۇقاۋىسىنىڭ ئەستىرىگە بىر دۇئا يېزىلغان بولۇپ، بۇ مۇقەددىمىگە ياكى ئىزاھاتقا ئوخشاپ كەتسىمۇ، لېكىن بۇنىڭغىمۇ ھېچكىمنىڭ ئىسمى يا ئاي ـ كۈنى يېزىلمىغان، قۇرئاننىڭ يېزىلىش جەريانىمۇ يېزىلمىغان، بۇ دۇئادا ئاللاغا ھەمدۇ ـ سانا ئوقۇلغان سۆزلەردىن باشقا، تۆۋەندىكىدەك سۆزلەر بار:

"ئى خۇدا! سەن ئۇ ھەقىقەتنى چۈشۈردۈڭ...ئۆز مەرھەمىتىڭ بىلەن، مېنىڭ ئىرادەمنى چىڭ قىلغىن! ئى خۇدا! ئۆز پەزلىڭ بىلەن، مېنىڭ كۆزۈمنى روشەن قىلغىن، مېنىڭ قەلبىمنى ساغلام قىلغىن، مېنى گۇماندىن خالاس قىلغىن! ئى خۇدا! ئۇنىڭ شاراپىتىدىن مېنىڭ سۆزلىرىمنى پاساھەتلىك قىلغىن، مېنىڭ چىرايىم ۋە بەدىنىمنى نۇرانە قىلغىن، ئۇنى تىلاۋەت قىلغانلىقىم ئۈچۈن ماڭا بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلغىن، مېنى ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىدىغان، ئۆزەڭگە ئىتائەت قىلىدىغان قىلغىن، مەن سېنىڭ ئىلتىپاتىڭنى كۈتىمەن!..."

بۇ دۇئانى مۇشۇ قۇرئاننى يازغان كىشى يازغان بولۇشى مۇمكىن، بۇ ئۇنىڭ ئاللانىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىش ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ دۇئانىڭ سۆزلىرى گىراممatikىغا لايىق قىلىپ ناھايىتى ئوبدان يېزىلغان، كاتىپ ئەگەر بۇ دۇئانى باشقا يەردىن كۆچۈرۈۋالغان بولماي، ئۆزى يازغان بولسا، ئۇ ھالدا، بۇ خەتتات ئەرەب تىلىنى ھەقىقىي تولۇق ئىگەللىگەن، سەۋىيىسى خېلى يۇقىرى كىشى بولغان بولىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى، لەقىمىنى ياكى يۇرتىنى يېزىپ قويمىغان، يېزىلغان ۋاقتىنى جۇڭگوچە كالېندار، مىلادىيە ياكى ھىجرىيە كالېندارلىرىنىڭ بىرەرسى بىلەن بولسىمۇ پۈتۈپ قويمىغان، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ بۇنى ئېنىقلىشى تەس بولۇپ قالغان.

تولۇق ساقلانغان بۇ قۇرئاننىڭ كىشلەردە لەندىيەنچاكدىكى خۇيزۇ مىللىتىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش ھەۋىسىنى قوزغىشى تەبىئىي. ئۇنىڭ تارىخىغا زادى قانچىلىك ۋاقىت بولدى؟ تارىخىنىڭ تەرەققىياتىدا ئۇ زەئىپلىشىش، گۈللىنىش ھالەتلىرىنى قانچە قېتىم بېشىدىن ئۆتكۈزدى؟ قولىمىزدا ماتېرىيال يوق تۇرسا، بېيجىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا چالا-بۇلا ئاڭلىۋالغان نەرسىلەر بىلەن قارىسىغا ھۆكۈم چىقىرىشقا كىم پېتىنىدۇ؟ بۇ يازما قۇرئان لەندىيەنچاكدىكى خۇيزۇلار گۈللىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان چاغدا مەيدانغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن دېگەن نەرسىنىلا غۇۋا ھېس قىلالايمىز. شۇ چاغلاردا، بۇ يەردە مۇسۇلمان ئائىلىلىرى كۆپرەك بولغان بولسا كېرەك، مەسچىتتىمۇ كىچىكرەك كۆلەمدە مەدرىس مائارىپى يولغا قويۇلغان، دىنىي ئىشلارنى بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيىلىك ئاخۇنۇملار باشقۇرغان بولسا كېرەك. بۇ قىياسنى ئەلۋەتتە ئاساس قىلىشقا بولمايدۇ، بۇنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىشقا ئىرادە باغلىغان كىشىلەرنىڭ لەندىيەنچاكنىڭ تارىخىنى ئوبدان بىلىدىغان مويسىپىتلەر بىلەن بىللە ئىزدىنىپ، ئىشەنچىلىك، پۇختا بولغان، ئادەمنى قايىل قىلىدىغان ئاساسقا ئىگە ئىلمىي يەكۈنلەرنى پەيدىنپەي چىقىرىشىغا توغرا كېلىدۇ.

قىسقىسى، بۈگۈنگىچە ساقلانغان بۇ يازما قۇرئان بەكمۇ قىممەتلىك. يۈز نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى، نۇرغۇنلىغان كىتابلار كۆيدۈرۈپ تاشلانغان ئون يىللىق ئاپەتنى بېشىدىن كەچۈرۈپمۇ زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىماي، ئامان-ئېسەن قېلىشى دېگەن بىر بەخت. بۇرادەر ياڭ خەيپىڭنىڭ قىزغىنلىق بىلەن چېپىپ يۈرۈپ خەۋەر يەتكۈزۈپ، مېنى ئۇ يازما قۇرئاننى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتىمەن. بۇنى لەندىيەنچاڭ مەسچىتىدە ساقلانغان ۋە ناھايىتى ئەتىۋارلاشقا ئەرزىيدىغان قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلاردىن بىرى دېسەك، قىلچە مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز.

# يۇنـنـەن ئۆلـكـسـى ناجـيا كـەنـتـنـى زـيارەت قىلـش خاتـرـسـى

جېڭ دېگەن

مەن يېقىندا يۈننەن ئۆلكسگە بېرىپ سەيدەنچى شەمسىدىن (1211 — 1279)نىڭ ئەۋلاتلىرىنى زىيارەت قىلدىم. ئاپـتوموبىل تۇڭخەي ناھىيە شەھىرىدىن ئۆتكەندە، زۇمرەتتەك پاقىراپ تۇرغان كۆل سۈيىگە، يىراقتىكى دەرەخلىك تاغلارغا، كۆل بويىدىكى ئېتىزلار، كاتەك-كاتەك شاللىقلارغا كۆزۈم چۈشتى، پۇرچاقلار ياپيېشىل ئۆسكەن، بۇغدايلار ساغىرىپ پىشقان ئىدى. كەنـت ئەترا- پىغا لازا، تۇرۇپ، پىياز، سەيخۇا، پالەك، ئۇسۇڭ قاتارلىق تۈرلۈك كۆكتاتلار تېرىلغان ئىدى،... ناگۇ خۇيزۇ يېزىسىنىڭ ناجيا يىڭ، گۇ چېڭ، سەنجيا كەنتىدىن ئىبارەت ئۈچ تەبىئىي كەنـتى ھەيۋەتلىك شىزىشەن تېغىنىڭ ئاستىدىكى گۈزەل جىلۇ كۆلى بويىغا جايلاشقان بولۇپ، پۈتۈن يېزىدىكى بىر مىڭ 101 ئائىلە، بەش مىڭ 439 ئادەمنىڭ 87 پىرسەنـتى سەيدىيەنچى شەمسىدىن- نىڭ نەۋرە-چەۋرىلىرى ئىكەن، ئۇلارنىڭ مۇشۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ، تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگىنىگە 700 يىلدىن ئېشىپتۇ.

## ناجـيايىڭ كـەنتى

ناجيايىڭ كەنتىدىكى ئاھالىنىڭ كۆپچىلىكى يۈەن سۇلالىسى زامانىدا يۈنـنەنـدە بولغان سەيدىيەنچى شەمسىدىننىڭ چوڭ ئوغلى نەسىردىننىڭ ئەۋلاتلىرى ئىكەن. نەسىردىننىڭ نەۋرىسى ناسىـر مىلادى 1290-يىلى لىنئەن، يۈەنجياڭلاردا ھەربىي ئەمەلدار بولغاندا، ئۇنىڭ قوشۇنلىرى تۇڭخەي ناھىيسى چۈتو قورۇقىدا تۇرغان، ئۇلارنىڭ ئائىلىسى جىلۇ كۆلى بويىغا جايلاشقان، نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان، ئۇلارنىڭ نەۋرە-چەۋرىلىرى كۆپىيىپ ئاۋۇغان، كىشىلەر بۇ خۇيزۇلار كەنتىنى ناجيايىڭ كەنتى دەپ ئاتىغان.

ناگۇ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ناجيارۇي ئەپەندىنىڭ ھەمراھلىقىدا كەنتنى ئايلىنىپ چىقتىم. بۇ كەنتنىڭ مەركىزىدە بىر مەسچىت بولۇپ، كىشىلەر مەسچىتنى چۆرىدىگەن ھالدا ئولتۇرىدىكەن. بۇ قەدىمىي مەسچىتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئىككى شىر ھەيكىلى تۇرۇپتۇ، دەرۋازا بېشىغا "مەسچىت" دېگەن خەت يېزىلغان مەرمەر تاش ئورنىتىلغان. بىز پەلەمپەي بىلەن چىقىپ دەرۋازىدىن كىردۇق، ئالدىمىزدا ئەزەن ئېيتىش راۋىقى ئىگىز قەد كۆتىرىپ تۇرۇپتۇ. بۇ راۋاق جۇڭگو پوسۇنىدا يېشىل كاھىش بىلەن ياسالغان بولۇپ، تۆت، بەش چاقىرىم يىراقتا تۇرۇپمۇ قەدىمىي قارىغايلار ئارىسىدىن ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك تۇرقىنى كۆرگىلى بولىدىكەن. ئۇ يەردىن

www.uyghurkitap.com

ئۆتۈپ، مىڭ كۋادىرات مېتىردىن كۆپرەك كېلىدىغان مەسچىت ھويلىسىغا كىردۇق، ھويلىغا ھەرخىل گۈل ۋە دەرەخلەر تىكىلگەن بولۇپ، پەلەككە تۇتىشىدىغان قېرى قارىغايلارنىڭ ئالدى تەرىپى مەسچىت خانىقانىسى ئىكەن، ئۇ ناھايىتى نەپىس ھەم ھەيۋەتلىك قىلىپ ياسالغان. ناجىيارۇي ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، ناجىيانىڭ مەسچىتىنى يۈەن سۇلالىسى جىيۈەننىڭ 27-يىلى (1290-يىلى) نا فامىلىلىكلەرنىڭ بوۋىلىرى قوشۇنغا ئەگىشىپ مۇشۇ جايغا چۈشكەندە ياسىغان ئىكەن، 700 نەچچە يىلدىن بۇيان نەچچە قېتىم رېمونت قىلىنغان، مەسچىت خانىقانىسىنىڭ قاچان سېلىنغانلىقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانماپتۇ.

كەنتتە نەچچە ئون ئائىلىنىڭ يېڭى ئۆي سېلىۋاتقانلىقى دىققىتىمنى تارتتى. بۇ يەردە ئۆي-ئىمارەتنىڭ بىرىنچى قەۋىتى كۆپىنچە تاش بىلەن قوپۇرۇلىدىكەن، ئىككىنچى قەۋەتكە كەسەك بىلەن ئۇزۇن دەرىزە ئېچىلىدىكەن، دەرىزىنىڭ ئۈستى ئەگمە شەكىلدە قوپۇرۇلىدىغان بولۇپ، يەمەننىڭ مۇناخ ۋە ئىبب تەرەپلىرىدىكى تاغلىق رايونلىرىدىكى خەلق ئۆيلىرىنىڭ نۇسخىسىغا تولىمۇ ئوخشاپ كېتىدىكەن. بىرمۇنچە ئۆيلەرنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىدىكى تاشقا "لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ" دېگەن سۆزلەر ئەرەبچە يېزىق بىلەن يېزىلغان، لېكىن تېخىمۇ كۆپرەك كىشىلەرنىڭ ئىشىكىگە: "ئى ئاللا! بىزگە مېھرى-شەپقەت ئىشىكىڭنى ئاچقايسەن" دېگەن دۇئا ئەرەبچە يېزىق بىلەن يېزىلغان. ناجىيانىڭ كەنتىدىكى ئاھالىلەر ناماز ئوقۇغاندا، كەئبىگە قاراش ئۈچۈن، ساراي ئۆيلىرىنى شەرققە قارىتىپ سالىدىكەن، پۈتۈن كەنتتىكىلەرنىڭ بىرسىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەسكەن. سارايلىرىغا ئومۇمەن كەئبە ياكى مەسچىتنىڭ سۈرىتى ئېسىلىدىكەن. بىر دەمدىن كېيىن بىز بىر كۆل بويىغا كەلدۇق، بۇ كۆلنى كەنتتىكىلەر تاغدىكى بۇلاق سۈيىنى باشلاپ كېلىش ئۈچۈن تاش بىلەن ياسىغان ئىكەن، كۆل ئىككى قەۋەت بولۇپ، ئۈستى قەۋىتىدە گۈرۈچ، كۆكتات يۇيىدىكەن، تۆۋەن قەۋىتىدە كىر-قات يۇيىدىكەن. شىر-شىر ئېقىپ كەلگەن بۇلاق سۈيى تاشتىن ئويۇلغان ئەجدىھارنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ كۆلگە چۈشىدىكەن، ئاياللار كۆل بويىدا ئۆز ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ، ناھايىتى تەرتىپلىك ئىش قىلىدىكەن. مەن بۇ كەنتنىڭ چوڭ-كىچىك كوچىلىرىنىڭ ھەممىسىگە سېمونت ياتقۇزۇلغانلىقىنى كۆردۈم. پاكىز-رەتلىك بولۇش دەل خۇيزۇ كەنتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىكەن. مەكتەپ مۇدىرى ناجىيارۇي ئەپەندى ماڭا يولغا ياتقۇزۇلغان سېمونتنىڭ پۇلىنىڭ ھەممىسىنى كەنتتىكىلەر ئۆزى چىقارغانلىقىنى ھەمدە ئۆزلىرى ياتقۇزغانلىقىنى دەپ بەردى. مېنىڭچە، بۇنداق ئىش كەڭ جۇڭگو يېزىلىرىدا تېخى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. كەنتنىڭ بېشىغا ئۈچ قەۋەتلىك بىنا قىلىپ ناگۇ مەسچىتى سېلىنغان ئىكەن.

## بەيتۇللانىڭ يوپۇغى

تاڭ سەھەردە، ئەزەن ئاۋازى ئاڭلاندى، بامدات نامىزى ۋاقتى بولغان ئىدى! مىكروفوندىن چىققان "ئاللاھۇئەكبەر! ئاللاھۇئەكبەر"! دېگەن سۆزلەر ماڭا بەك تونۇشلۇق ئىدى، بۇ ئاۋاز

ماڭا قاھىرەدىكى كۆپ يىللىق تۇرمۇشۇمنى ئەسلەتتى، ئۇ چاغلاردا، ھەركۈنى سەھەردە مۇناردىن چىققان ئەزان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەن كوچىغا چىقتىم، ئۆيلەرنىڭ مورىلىرىدىن تۈتۈن چىقىۋاتاتتى، پۈتۈن كەنت جىمجىت ئىدى، كوچىلاردا بېشىغا ئاق شاپاق دوپپا، ئۇچىسىغا پاك-پاكىز كىيىملەرنى كىيگەن ئوتتۇرا ياشلىق ۋە ياشانغان كىشىلەر بامدات نامىزى ئۈچۈن مەسچىتكە كېتىۋاتاتتى.

مەسچىتتە بەيتۇللانىڭ يوپۇغىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىكەن، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، مەنمۇ خوشاللىق بىلەن بۇ مەرىكىگە قاتناشتىم. جۇڭگونىڭ ئاتاقلىق تارىخشۇناسى، بېيجىڭ چەت ئەل تىلى ئىنستىتۇتى ئەرەب تىلى پاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى ئابدۇراخمان. ناجۇڭمۇ نەسىرىدىنىنىڭ ئەۋلاتلىرىدىن بولۇپ، ناجيايىڭ كەنتى ئۇنىڭ يۇرتى ئىكەن. پروفېسسور ناجۇڭ 1985-يىل 11-ئايدا سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ئۆمرە ھەج قىلغىلى بارغاندا، سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بەيتۇللانىڭ يوپۇغىدىن بىر پارچە تەقدىم قىلغان ئىكەن. ئۇ بۇ قىممەتلىك سوغىنى يۇرتىدىكى مەسچىتكە تەقدىم قىلىپتۇ. بۇ يىل 4-ئاينىڭ 4-كۈنى جۈمە كۈنى بولۇپ، ناجيايىڭ مەسچىتىنىڭ ھويلىسى لىق ئادەم بىلەن توشقان، ئىككى قاناتتىكى 14 ئېغىز ھۇجرىنىڭ ئۇستىلىرىمۇ لىق ئادەم بىلەن تولغان ئىدى. داغدۇغىلىق مۇراسىمدا پروفېسسور ناجۇڭنىڭ چوڭ ئوغلى نا جياروي دادىسى نامىدىن بەيتۇللانىڭ قارا يوپۇغىنىڭ بىر پارچىسىنى مەسچىتكە تەقدىم قىلدى. ئەلى. نابىنىسى ئىمام بۇ قارا تۇۋت يوپۇقنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ مۇسۇلمانلارغا: "بۇ قارا يوپۇق 1985-يىلى ئۇلۇغ بەيتۇللاغا يېپىلغان، بەيتۇللا مۇسۇلمانلارنىڭ خۇداغا سەجدە قىلىدىغان قىبلىسى، ھەج-تاۋاپ قىلغۇچىلار كەئبەنى ئايلانغاندا بۇنى سىلايدۇ ۋە ھەجرىلئەسۋەدنى بۆسە قىلىدۇ. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەج قىلىشقا قۇربى يەتمەيدۇ، لېكىن بەيتۇللاغا يېپىلغان بۇ يوپۇقنى سىلىساق، كەئبەدىكى ھەجرىلئەسۋەدنى سىلىغاندەك بولىمىز، ئاللاغا سىغىنغان، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرگەن بولىمىز..." دېدى. مۇراسىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئەلى ئىمام يوپۇقنى ھۆرمەت بىلەن ئىككى قولىغا ئېلىپ، ئەتراپىدىكى ئاخۇنلارغا كۆرسەتتى. ياشانغان ئاخۇنلار بىر-بىرلەپ يوپۇقنى بۆسە قىلدى، ئاخىردا 78 ياشلىق ئىبراھىم. ناشىڭتىڭ ئاخۇنۇم يوپۇقنى سىلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىخلاسمەنلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى تىكتى، ئۇنىڭ ئاق ساقىلى تىترەيتتى، ئۇ بېشىنى ئىگىپ تۇرۇپ يوپۇقنى بۆسە قىلدى. بىردەمدىن كېيىن، ياش مۇسۇلمانلاردىن ئون نەچچىسى بىر توپ بولۇپ، بەس-بەستە يوپۇقنى سىلىدى ۋە بۆسە قىلدى، ئۇلار ئاغزىدا ئاللا ھۇئەكبەر دەپ تەكبىر ئېيتاتتى ھەم پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا سالاۋات ئوقۇيتتى، ئاندىن كېيىن كۆز قىيمىغان ھالدا ئىككىنچى بىر توپقا ئورۇن بوشىتىپ بېرەتتى، شۇنداق قىلىپ، بىرەر سائەتتىن كېيىن نۆۋەت ئاخىر ئاياللارغا كەلدى. ياش چوكانلار يوپۇقنى بۆسە قىلىپ بولۇپ، مەمنۇن بولغان ھالدا كېتىشەتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن بىرمۇنچە ياشانغان ئاياللار ئىككى، ئۈچتىن بولۇپ يوپۇقنى قولىغا ئېلىپ، سىلىشاتتى ھەم توختىماي بۆسە قىلىشاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تۆمۈر زامانىدىن قالغان يېمەك-ئىچمەك ئادىتى

مۇسۇلمانلار مېھماندوست كەلگەچكە، مېنى يىراقتىن كەلگەن مېھمان دەپ قاراپ، بەس-بەستە چايغا چاقىردى، مەكتەپ مۇدىرى تاجىيارۇۋىنىڭ ھەمرالىقىدا، مەن ھەركۈنى بىر-ئىككى ئائىلىنى زىيارەت قىلدىم، بەزىدە ئاخشاملىرىمۇ زىياپەتكە باردىم. بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مېھمان چاقىرىش ئادىتى خەنزۇلارنىڭ ئادىتىگە زادىلا ئوخشىمايدىكەن، باشقا رايونلاردىكى مۇسۇلمانلار-نىڭ ئادىتىگىمۇ ئوخشىمايدىكەن. تاماق ۋاقتىدا، سەي، تاماق، شورپىلارنى ئەرلەر ئېلىپ چىقىدىكەن، ئاياللار چىقمايدىكەن. ئۇلار داستىخانغا سەككىز ياكى ئون تەخسە سەي، بىر كورا گاكېپەن، بىر كورا قوي گۆشى ياكى توخۇ شورپىسى قويىدىكەن. مېھمان بىلەن ساھىپخان داستىخانغا كەلگەندىن كېيىن، ھەربىر ئادەمنىڭ ئالدىغا بىر چىنە گاكېپەن قويۇپ، ساھىپخان گاكېپەنگە شورپا قۇيىدىكەن، ئاندىن مېھماننى سەيگە تەكلىپ قىلىدىكەن، كۆپچىلىك ئاندىن تاماققا باقىدىكەن، تەخسىلەردىكى سەي يېرىملاشقان ھامان دەرھال تولدۇرۇلۇپ تۇرىدىكەن، بولۇپمۇ كالا گۆشى بىلەن قوي گۆشى ھەمىشە تەخسىگە لىق تولدۇرۇلىدىكەن. ئەجەپلىنەرلىكى شۇكى، تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، ساھىپخان ئېشىپ قالغان گۆشلەرنى يۆگەپ، مېھمانغا زەللە قىلىپ بېرىدىكەن، مەن نەچچە قېتىم چىرايلىق سۆزلەر بىلەن رەت قىلساممۇ ساھىپخان قەتئىي ئۇنىمىدى، چۈنكى مېھمان ئالمىسا، ساھىپخانغا سەتچىلىك بولىدىكەن. مەن مېھمان چاقىرىشتىكى بۇنداق ئادەتنى بەك تونۇشلۇق ھېس قىلدىم، ئاما قايسى كۆچمەن مىللەتنىڭ ئادىتى ئىكەنلى-كىنى ئەسلىيەلمىدىم، ساھىپخاندىن سورىسام، ھەممەيلەن بوۋىلىرىمىزدىن قالغان دېيىشتى، بىراق نېرى-بېرىسىنى ئۇقمايدىكەن.

بىر كۈنى ئەلى ئىمام بىلەن مەكتەپ مۇدىرى ناجىيارۇۋىنىڭ ھەمرالىقىدا بىر ئائىلىنى زىيارەت قىلدىم، بۇ ئائىلىدە ئالتە جان بولۇپ، ئۈچ ئوغلى كوپىراتىپ سودا سارىيىنى باشقۇرىدىكەن، ئۇلارنىڭ كۈنى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئىكەن. كۆپچىلىك تاماق يەۋېتىپ، سۆز تاماقتىن كېيىن زەللە ئېلىش ئۈستىگە بۇرالدى، مەن ئاخىر «كراۋىيوسنىڭ شەرققە ئەلچى بولۇپ بېرىشى» دېگەن كىتاپنى ئەسلىدىم-دە، كۆپچىلىككە تۆۋەندىكى گەپلەرنى دەپ بەردىم: "15-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، كونسۇل كراۋىيوس ئىسپانىيە پادىشاسىنىڭ بۇيرۇغىغا بىنائەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەمەرقەنتكە بېرىپ ئىمپىراتور تۆمۈرنى زىيارەت قىلىپتۇ، تۆمۈر ئەلچىلەر ئۈمىگىنى ئوبدان كۈتۈپتۇ... داستىخانغا سەي تىزىشتا ئاۋال تەخسىلەرگە ئايرىم-ئايرىم ھالدا قوي، كالا گۆشلىرىنى سېلىپ، ئۈستىگە شورپا قۇيۇپ ئېلىپ چىقىپتۇ، ئاندىن ھەر بىر ئادەم ئالدىغا ئايرىم-ئايرىم ھالدا بولكا قويۇپتۇ، تەخسىلەردىكى گۆش تۈگىسە دەرھال تولدۇرۇپ تۇرۇپتۇ، ئېشىپ قالغان يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ كېتىشكە بولىدىكەن، بۇ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىش بىھۆرمەتلىك بولىدىكەن."

كۆپچىلىك بۇنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇشتى، ئەلى ئىمام "بىزنىڭ بوۋىلىرىمىزنىڭ مېھمان

چاقىرىش ئۇسۇلى تۆمۈرنىڭ مېھمان كۈتۈش ئۇسۇلى بىلەن تامامەن ئوخشايدىكەن» دېدى. مەكتەپ مۇدىرى ناجىيارۋى: «بىزنىڭ بۆۋىلىرىمىز ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا ۋە سەمەرقەن رايونلىرىدا تۇغۇلغان» دېدى. مەن ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا مۇنداق دېدىم: «شۇنداق! سىلەر-نىڭ بۆۋىلىرىڭلار ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن، ئۇلار تۆمۈر زامانىدىكى يېمەك-ئىچمەك ئادىتىنى ئېلىپ كەلگەن، سىلەر بۇ ئادەتنى 700 نەچچە يىلدىن بۇيان ساقلاپ كېلىپسىلەر، بۇ ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس!»

## ئىسلام دىنى ساھەسىدە ئىختىساسلىق خادىملار كۆپلەپ يېتىشتۈرۈلگەن

ناگۇ يېزىسىنىڭ ئۈچ كەنتىدە جەمئىي تۆت مەسچىت بار بولۇپ، بۇنىڭ بىرى يېڭىدىن سېلىنىپتۇ. مەن ئەلى ئىمامنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، مەسچىت قارىمىقىدىكى ئىسلام دىنى مەكتىپىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدىم. مەسچىت خانىقاسىنىڭ ئالدىدىكى جەنۇب ۋە شىمال تەرەپكە جايلاشقان ھۇجرىلار دەرسخانا ئىكەن، بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتى كۈتۈش ئۆيى، ئىمام ئىشخانىسى ئىكەن. ھويلىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتىقى، رادىيو ئۆيى، ئاشخانا ۋە سەرراپ بار ئىكەن. ئىسلام دىنى مەكتىپى پۈتۈن كۈنلۈك، بەش يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ بولۇپ، تۆت سىنىپ بار ئىكەن، يۇقىرى سىنىپتا 32 ئوقۇغۇچى، ئوتتۇرا سىنىپتا 19 ئوقۇغۇچى، ئىككى باشلانغۇچ سىنىپتا جەمئىي 63 ئوقۇغۇچى بولۇپ، 30 نەپەر يەرلىك ئوقۇغۇچىدىن باشقىلىرى نىڭشىيا، ئىچكى موڭغۇل، گەنسۇ، سىچۇەن، خۇبېي قاتارلىق ئۆلكىلەردىن كەپتۇ، سەككىز ئاخۇن دەرس ئۆتىدىكەن.

مەن ئاۋۋال دەسسەپ يۇقىرى سىنىپقا كىرىپ، ئاخىرقى رەتتە بىر ئوقۇغۇچىنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم، ئىمام ئوقۇغۇچىلارغا ھەدىسنىن دەرس ئۆتۈۋاتقان ئىكەن. بىر دەمدىن كېيىن دەرستىن چۈشۈپ، ئىمام كېلىپ ماڭا سالام بەردى. مەن يېنىمدا ئولتۇرغان نىڭشىيانىڭ جىڭيۈەن ناھىيىسىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچى ئىبراھىم. يۇجىدىگە ھەدىسنى ئوقۇۋاتتۇم، ئۇ توغرا ئوقۇدى ۋە يېشىپ بەردى، يۇقىرى سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەرەبچە سەۋىيىسى ۋە دىنىي ئەقىدىلەرنى چۈشىنىشى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

ئەلى ئىمامنىڭ ئېيتىشىچە، كەنتتىكى باللار 12 ياشقىچە چوقۇم ئىپتىدائى مەكتەپكە كىرىپ، ئىپتىدائى مەكتەپ دەرسلىرىنى ئوقۇپ بولۇشى كېرەك ئىكەن. كەنتتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 98 پىرسەنت ئىكەن، ئۇلار مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەندىن كېيىن مەسچىتكە كېلىپ ئاز-تولا دىنىي ساۋات ئۆگىنىدىكەن.

كەچ سائەت سەككىز يېرىمدا مەن يەنە مەسچىتكە باردىم. دەرس ئۆتۈشكە يەنە ئون مىنۇت بار ئىكەن، چوڭ-كىچىك بولۇپ ئاللاھەزەل 200 دىن ئارتۇق ئادەم قۇرئان كەرىمدىن دەرس ئالغىلى كەپتۇ. بۇ ئوقۇغۇچىلارغا كەچتىلا دەرس ئۆتىلىدىكەن، ھازىر دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش

ۋاقتى بولغاچقا تۆت سىنىپ ئېچىلىپتۇ. دېھقانچىلىقنىڭ بوش چاغلىرىدا كۆپ بولغاندا 12 سىنىپ ئېچىلىپ، 500 دىن ئارتۇق ئادەم كېلىپ ئوقۇيدىكەن. يۇسۇپ. ماچۇەنچاۋ ئاخۇنۇم 1-سىنىپتىكى بىر مومايىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى: ئۇ 70 ياشقا كىرگەن، شۇنداق بولسىمۇ ھەر ئاخشىمى كېلىپ قۇرئان كەرىمدىن دەرس ئالىدۇ. ماچۇەنچاۋ ئاخۇنۇم يەنە ئەتىگەنلىك سىنىپنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭدا 40 دەك ئايال ئوقۇغۇچى ئوقۇيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بۇ خۇيزۇلار كەنتىدىن تارىختا كۆپ ئىختىساسلىق خادىملار چىققان بولۇپ، ئىلگىرى-كېيىن يۈز نەچچە مۇدەررىس ۋە ئاخۇن يېتىشتۈرۈلگەن، مەسىلەن، بۇرۇن ئۆتكەن ھاجى تيەن جياپېي ئاخۇنۇم (1871 — 1945)، يېقىندىكىلىرىدىن ھاجى نابىنىسى ئىماملار مۇشۇ يېزىدىن چىققان، ھەممىنى ئۇزۇپ چىققىنى يەنىلا پىروفېسسور ناجۇڭ ھېسابلىنىدۇ. كەنتتىكى مۇسۇلمانلار ناجيايىڭ كەنتىدىن چىققان ئىسلام ئۆلىمالىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ دېيىشكە خۇشتار ئىكەن، بۇنى مۇبالىغە قىلىنمىغان دېيىشكە بولمىسىمۇ، بۇ ئۇلاردىكى ئىپتىخارلىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

## ھەممە ئائىلە قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن

ناجيايىڭ كەنتىدىكى ئاھالىلەرنىڭ بوۋىلىرىنىڭ خېلى بىر قىسمى يۈەن سۇلالىسى زامانىدا قوشۇنغا ئەگىشىپ كەلگەن ھەربىي قورال-ياراق ياساش ئۇستىلىرى ئىكەن. ئۇلارنىڭ بۇ ئالاھىدە ھۈنىرى بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەپتۇ. شۇڭا كەنتتىكىلەرنىڭ بۇرۇندىنلا قورال-ياراق ياساش ئەنئەنىسى بار ئىكەن. 1926-يىلى كەنتتىكىلەردىن ناجۇگېن تۇنجى تاپانچىنى ياسىغان ئىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، ناگۇ يېزىسىدا ئالتە ئاتار ناگان، كاربىن مىلتىقى ھەتتا يىنىك پىلىموت ياسىلىپتۇ.

ناجيايىڭ كەنتى كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش داۋامىدا، ئائىلە قول سانائىتىنى بەك تەرەققىي قىلدۇرغان، ھەممە ئائىلىدە دېگۈدەك ئاساسەن بىردىن كىچىك قول سانائەت ئىشخانىسى بار ئىكەن، ھەممە ئائىلىنىڭ ئۆيلىرىدە قوم چاق، سەندەل، پىرىسلاش ستانوكى بار ئىكەن، ئاز ساندىكى ئائىلىلەر يېڭى تىپتىكى ستانوكلارنى سېتىۋاپتۇ، تۆرلۈك ماشىنا ئۈسكۈنىلەر مىڭدىن كۆپ ئىكەن. ئۇلار ئۆزلىرى ئىشلەپچىقىرىپ، ئۆزلىرى ساتىدىكەن، تونۇلغان پۇرۇش، بىراك نەرسىلەر باشقا جايلاردىن ئېلىپ كېلىنىپ، خىلمۇ-خىل مەھسۇلاتلار تۈركۈم-تۈركۈملەپ سېتىلىپ تۇرىدىكەن، ناگۇ يېزىسىدا ئىشلەنگەن قەلەمتۇراچ، پۇرژىنىلىق پىچاقنى ئائىلىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ياسىيالايدىكەن، كۆپ ھاللاردا دادىلىرى، ئاكىلىرى سوقۇپ بەرسە، خوتۇنلىرى، قىزلىرى سىلىقلاپ ئىشلەيدىكەن. مەن زىيارەت قىلغان سۇلايمان، مايۇخۇيىنىڭ ئائىلىسىدە ئالتە جان بولۇپ، خوتۇنى ئايشە. ناشيۇيىڭ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىۋاتقان ئىدەن، چوڭ قىزى رازىيە. ماسۇيفاڭ، ئىككىنچى قىزى سەلىمە. ماسۇيجۇ پىرىسلاش ستانوكىدا

پىچاقنىڭ دەستىسىنى چىقىرىۋېتىپتۇ، كىچىك قىزى ھەلىمە، ماسۇيجۇ دادىسى بىلەن قۇراشتۇرۇۋېتىپتۇ، ئوغلى سۇلايمان. ماجىنسۇڭ سىلىسار بولۇپ، پىچاق دەستىسى قېلىپىنى ياساۋېتىپتۇ، دېمەك، نۇرغۇن پىچاقلار ئەنە شۇ تەرىقىدە مۇشۇ ئائىلىلەردە ياسىلىدىكەن!

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ناجىيايىڭ كەنتىدىكى يەككە قول سانائەتچىلەر ئۆزلۈكىدىن بىرلەشمىسى تەشكىل قىلىپ، پولات دەرىزە ئىگىۋاشتىن ئۇيۇشۇپتۇ، 27 ئائىلە قول سانائەت رامكىسى زاۋۇتى، سۇلياۋ زاۋۇتى، مىخ زاۋۇتى، باللار ۋەلسىپىتى زاۋۇتى، زونتىك زاۋۇتى قاتارلىقلارنى قۇرۇپتۇ، مەھسۇلاتلىرى ئۆلكە ئىچىدە ۋە باشقا ئۆلكىلەردە سېتىلىدىكەن، 1985-يىلى پۈتۈن يېزىنىڭ ئومۇمىي كىرىمىدە يېزا ئىگىلىكىنىڭ كىرىمى 13 پىرسەنتنى، چارۋىچىلىقنىڭ 11.8 پىرسەنتنى، سانائەت ۋە قوشۇمچە كەسىپنىڭ 70 پىرسەنتنى ئىگىلەپتۇ.

قول سانائەت، يېرىم ماشىنىلاشقان پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ راۋاجلىنىشى يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، سودا ئىشلىرىنىڭ بىللە تەرەققىي قىلىشىنى ئېلىپ كەلگەن، كەنتتىكىلەرنىڭ دارامىتى بىر قەدەر كۆپ بولغان، ئىشكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، دارامىتى تېخىمۇ كۆپەيگەن. ناجىيايىڭدىن ئىبارەت بۇ تاغلىق كەنت پەيدىن-پەي كىچىك شەھەر بازىرىغا ئايلىنىۋېتىپتۇ، كەنتتە ئېلېكتىر سىملىرى گىرەلىشىپ كېتىپتۇ، بىرمۇنچە ئائىلە توك قازىنىدا ئاش-تاماق ئېتىدىكەن. كەنت بېشىدىكى كىنو ئېلانىنى ماۋۇسۇڭ باشقۇرىدىكەن، ئۇ يەنە بىرەيلەن بىلەن بىرلىشىپ بىر كىنو ئاپاراتى سېتىۋالغان ئىكەن، ھەپتىدە ئۈچ قېتىم كىنو قويىدىكەن، بېلىتى بىر موچەن ئىكەن، كالا باققۇچى نايۇنلى گۈللاندىيىدىن بەش ئىنەك سېتىۋېلىپ، ئاھالىنى سۈت بىلەن تەمىنلەۋېتىپتۇ، كۆكتات، بېلىق، گۆشنى باشقا كەنتلەردىكىلەر ئېلىپ كېلىپ ساتىدىكەن، تاۋار ئىگىلىكى بۇ يەردە يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلەپتۇ. ئېلىپ-ساتارلار كۆپەيگەچكە، پۈتۈن كەنتتە بەش كىچىك مېھمانخانا ئېچىلىپتۇ. مەسچىت يېنىدىكى مىلىچ مال ماگىزىنى، ئاشپوزۇل، ساتراچخانىنىڭ چىراقلىرى كېچىلەپ يورۇپ تۇرىدىكەن، بۇ يەر ھەقىقەتەنمۇ بىر كىچىك بازار بولۇپ قاپتۇ.

بەش كۈن تېزلا ئۆتۈپ كەتتى، مەن ناجىيايىڭ كەنتى بىلەن خوشلىشىپ كۈنمىڭغا يېنىپ كەلدىم، يول ئۈستىدە سەيدىيەنچى شەمسىدىننىڭ قەۋرىسىنى زىيارەت قىلدىم، بۇ تاشتىن قوپۇرۇلغان ئېگىز قەۋرە رېمونت قىلىپ يىپ-يېڭى تۈسكە كىرگۈزۈلۈپتۇ، بۇ قەۋرىنى زىيارەت قىلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىيىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلدى

1986 - يىل 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ئاتاقلىق زاتلار ۋە شەھەرلىك، رايونلۇق ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى يوەن يۇلىننىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۈرۈمچى شەھىرى شىسەن مۇسۇلمانلار قەۋرىستانلىقىغا كېلىپ، بۇ يەردە خالىسانە ئەمگەك قىلىۋاتقان قورۇلۇش بىڭتۇەنى جەڭچىلىرىدىن ھال سورىدى.

ھال سوراش ئۆمىكىدىكىلەر ئىش ئورنىغا يېتىپ كەلگەندە قورۇلۇش بىڭتۇەنى كادىرلىرى ۋە جەڭچىلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. سىياسىي كومىسسار جاۋ بىلەن مۇئاۋىن سىلىڭ ماۋ ھال سوراش ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى قوبۇل قىلدى. قورۇلۇش بىڭتۇەندىكى يولداشلار ياشىنىپ قالغان بۇ دىنىي زاتلارنىڭ روزا تۇتۇۋاتقان بولسىمۇ، ھېرىش-چارچاشقا، قاتتىق ئىسسىققا ۋە ئۇسساپ چاڭقاشقا قارىماي ھال سوراش ئۈچۈن كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ تېخىمۇ ئىلھاملاندى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇللا داموللام، شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى شېرىپجان داموللام، مۇئاۋىن مۇدىرى ما ئەنتەي ئاخۇنۇملار قورۇلۇش بىڭتۇەننىڭ ئامىغا ياخشى ئىش قىلىپ بەرگەنلىكىگە يۇقىرى باھا بەردى. ئۇلار: يېقىندىلا سىلەر داۋانچىڭدىكى لىيەنشىنچياۋ كۆۋرۈكىنى خالىسانە ياساپ بەرگەن ئىدىڭلار، بۈگۈن مۇسۇلمانلار قەۋرىستانلىقىغا بارىدىغان يولنى خالىسانە ياساپ بېرىۋاتىسىلەر، بىز ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان 10 مىللەت، 280 مىڭ مۇسۇلمان نامىدىن سىلەرگە چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز، دېدى. مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى يوەن يۇلىن ئۆز سۆزىدە، ئىشلەپچىقىرىش - قورۇلۇش بىڭتۇەننىڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرىگە يۇكسەك باھا بەردى، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش - قورۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ نەمۇنىلىك ئىش - پائالىيەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، يەرلىك ئورۇنلار بىلەن قورۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى ئۈمىد قىلدى.

بىڭتۇەننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى جاۋ كۆپچىلىكنىڭ يوقلاپ كەلگەنلىكىگە قورۇلۇش بىڭتۇەنىگە ۋاكالىتەن رەھمەت ئېيتتى ھەمدە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت ۋە ئامما قورۇلۇش بىڭتۇەنگە زور ياردەملەرنى بەردى، بىڭتۇەن جەڭچىلىرى بىلەن يەرلىك ئامما بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرى، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز. بۇنىڭدىن كېيىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، شىنجاڭنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كۆپلەپ تۆھپە قوشىمىز، دېدى.

(ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

# ئەمگەك — بايلىق مەنبەسى

ئىسلام دىنى ھالال ئەمگەك قىلىپ باياشات تۇرمۇش يارىتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ — ئىسلام دىنىنىڭ بىر ئەنئەنىسى. ناھىيىمىزدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر پارتىيىنىڭ تىرىشىپ ئىشلەپ، بېيىش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ھالال ئەمگەك بىلەن باياشات تۇرمۇش يارىتىش جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە.

ناھىيىلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، چوڭقۇرچاق يېزىلىق دىنىي ئىشلار رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئۆمەر قارى ئاخۇنۇم تىرىشىپ ئىشلەپ بېيىش يولىغا ماڭغانلار ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلغانلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئەمگەكنى قىزغىن سۆيۈشنى شەرەپ دەپ قارايدۇ. ئۇ شاتلىقتا چۆمگەن ھېسسىياتى بىلەن مۇنداق دەيدۇ: "پارتىيە بىزنى تىرىشىپ ئىشلەپ باي بولۇشقا چاقىردى، باي بولۇش ئۈچۈن قولايلىق شەرت-شارائىت يارىتىپ بەردى، ئاللاتائالا بىزگە، ياخشى ئىشلىسەڭلار كاتتا راھەت كۆرىسىلەر، دەپ تەلىم بېرىدۇ، مەنمۇ ئاللانىڭ ۋە پارتىيىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشىم كېرەك". ئۇ باشقىلاردىن ئۆشرە-زاكات، نەزىر-چىراق، سەدىقە-پىتىرە تاما قىلىدىغان كونا ئىدىيىلەرنى ئۈزۈل-كېسىل چۆرۈپ تاشلاپ، يېقىنقى يىللاردىن بېرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق ۋە قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللاندى ھەمدە تىرىشىپ ئىشلەپ ئەمگەك بىلەن بېيىش جەھەتتە ھالال ئەمگەك تېرىنى ئاققۇزدى-دە، ھالال ئەمگىكىنىڭ راھىتىنى كۆردى.

ئۇ 1985-يىلى تېرىغان بۇغدايدىن 13 مىڭ جىڭ ھوسۇل ئېلىپ، دۆلەتكە 2 مىڭ 500 جىڭ ئاشلىق سېتىپ بەردى، قوناقتىن 12 مىڭ جىڭ ھوسۇل ئالدى. 10 مو يەرگە يېڭى ئۇسۇل بىلەن كېپەز تېرىپ مىڭ يۈەنلىك ساپ پاختا ساتتى، 3 مو يەرگە قوغۇن، 2 مو يەرگە كۆكتات تېرىپ، بۇنىڭدىن 1 مىڭ 500 يۈەن كىرىم قىلدى، زۆرۈر چىقىملارنى قىلغاندىن كېيىن ئېشىنغان پۇلىغا 6 ئىنەك سېتىۋېلىپ، سۈنئىي نەسىللەندۈرۈشكە بولمايدۇ دېگەن كونا خۇراپىي قاراشقا خاتىمە بېرىپ، يېزىلىق ئۇرۇقلاندۇرۇش پونكىتىدا ئۇرۇقلاندۇرۇپ، 6 موزاي تۇغدۇرۇپ ئەي قىلدى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ئورمان بىنا قىلىش جەھەتتىمۇ يېقىنقى يىللاردىن بېرى كۆپ ئەجىر قىلدى. جەمئىي 5 مىڭ تۈپ دەرەخ ۋە كۆچەت تىكىپ، ۋەتىنىمىزنى گۈللەندۈرۈش جەھەتتە ئۆز تۆھپىسىنى قوشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىر مو مېۋىلىك باغ بىنا قىلىپ، ئۆزىنىڭ ۋە خولۇم-خوشنىلىرى، ئۇرۇق-تۇققانلىرىنىڭ مېۋىگە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇردى، باشقىلارغا 300 تۈپتىن ئارتۇق مېۋىلىك كۆچەتنى ھەقسىز ياردەم قىلدى. ئۇنىڭ 1985-يىللىق ئومۇمىي كىرىمى 20 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. ئۇ بۇنىڭ بىلەن قانائەت قىلماي، يەنىمۇ تىرىشىپ ئىشلەپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، پۈتۈن ناھىيىمىز بويىچە دىنىي ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى ۋە باشلامچىسى بولۇش ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن تىرىشماقتا.

مارالۋېشى ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىدىن
ئابلەت قادىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# خاسىيەتلىك رامزان ئېيىدىكى چوڭقۇر دوستلۇق

## — رەباتتا ئۆتكۈزۈلگەن رامزان ئېيى ھەسەن لىكسىيە ئوقۇش يىغىنى توغرىسىدا

نۇرمان. ماشىيەن

ھىجرىيە 1406 ـ يىلى رامزان ئېيى ھارپىسىدا، مەن ماراكەش دىنىي فوند ۋە ئىسلام مىنىستىرلىقىنىڭ ۋەزىرى ئابدۇلكەبىر ئەلەۋى جانابلىرىنىڭ قىزغىن تەكلىپىگە بىنائەن، ماراكەشنىڭ پايتەختى رەباتتىكى خان ئوردىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن "رامزان ئېيى لېكسىيە ئوقۇش يىغىنى" غا شەرەپ بىلەن قاتناشتىم. ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىدا، بىز ئۇنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن قەدىمىي شەھەر فېستا ئۆتكۈزۈلگەن "تەسەۋۋۇپچىلار ۋە ئۇنىڭ مەزھەبلىرى توغرىسىدىكى مەخسۇس مۇھاكىمە يىغىنى"غا قاتناشقاندا، بۇ يەردە زىيارەتتە بولغانىدۇق، شۇڭا بۇ قېتىمقى سەپىرىمىزنى كونا دوستلار بىلەن قايتا ئۇچرىشىش، يېڭى دوستلار بىلەن تونۇشۇش سەپىرى دېيىشكە بولىدۇ.

5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، مەن بېيجىڭدىن يولغا چىقىپ، رامزان كىرگەن كېچىسى ماراكەشنىڭ پايتەختى رەباتقا يېتىپ كەلدىم. مەن ئايرودرومغا مېنى كۈتۈۋالغىلى چىققان ئېلىمىزنىڭ ماراكەشتە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ مۇشاۋىرى يولداش شۇ جىگو، ماراكەش دىنىي مىنىستىرلىقى ئىسلام دىنى يېتەكچىلىك باشقارمىسىنىڭ باشلىقى شاكىر تىجانى، دىنىي تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بەقالى ئەپەندى بىلەن تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن، ماشىنىغا چۈشۈپ ئەبۇرەقرەق دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان تىسفۇل مېھمانخانىسىغا كېلىپ چۈشتۈم. ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن، مېھماندوست ساھىپخان مەن بىلەن كۆرۈشكىلى مېھمانخانىغا كەلدى ھەمدە ماڭا بۇ قېتىمقى لىكسىيە ئوقۇش يىغىنىغا ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى. خان ئوردىسىدا رامزان ئېيى لىكسىيە ئوقۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈش ئىشىنى ئەلەۋىيە خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئۆتكەن پادىشالار باشلىغان بولۇپ، ئۇ پادىشانىڭ ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە باشقا مەمۇرىي، ھەربىي ۋەزىرلەرگە دىنىي تەربىيە ئېلىپ بېرىش تۈزۈمى قىلىنىپ، 100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋام قىلغان، كېيىن بۇ تۈزۈم ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن داۋاملاشتۇرۇلماي قالغان. 1961 ـ يىلى، پادىشا ھەسەن II تەختكە چىققاندىن كېيىن، بۇ ئەنئەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

ساھىپخان ماڭا يەنە: "سىز بۇ قېتىم بۇ يىغىنغا پادىشا ئالىيلىرىنىڭ مېھمىنى سۈپىتىدە قاتنىشىسىز، ماراكەشنىڭ ھەممە يېرى سىزگە ئېچىۋېتىلگەن. بۇ مەزگىلدە، سىز دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقانداق يېرىگە بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلسىڭىز بولىدۇ" دېدى.

ساھىپخاننىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شۇنى بىلدىمكى، بۇ يىغىن خان ئوردىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئىكەن، پادىشا ھەسەن ئالىيلىرى يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇ لېكسىيە ئوقۇش يىغىنىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، يىغىنغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئۆزى بىۋاستە سورۇشتە قىلىدىكەن ۋە يىغىننى ئۆزى باشقۇرىدىكەن. بۇنداق لېكسىيە ئوقۇش يىغىنى خان ئوردىسىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار، ئىچكى كابىنېت ۋەزىرلىرى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك سەركەردىلەر ئۈچۈن، ئىسلام تەربىيىسى ئېلىشنىڭ پۇرسىتى بولۇپلا قالماي، پادىشا ئۈچۈنمۇ ئىلمىي تەتقىقات ئەھۋالىنى ئىگەللەش، ئىختىساسلىق خادىملارنى بايقاش ۋە تاللاش يولى ئىكەن، شۇنداقلا دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئاساسىي يېتەكچى ئىدىيىسى بولغان ئىسلام ئىلمى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ئىلھام بېرىشنىڭ بىر چارىسى ئىكەن.

يىغىن باشلىنىش ھارپىسىدا، مەن دىنىي فوند ۋە ئىسلام ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ ۋەزىرى ئابدۇلكەبىر ئەلەۋى ۋە ئىلگىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ ئېلىمىزدە زىيارەتتە بولغان بۇ مىنىستىرلىقنىڭ باش كاتىپى رابىت ئەپەندىنى زىيارەت قىلدىم. ئۇلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىدىن شۇنى بىلدىمكى، بۇ قېتىمقى يىغىنغا ماراكەشتىن قاتناشقان 30 نەچچە نەپەر ئاتاقلىق ئۆلىمادىن باشقا، يەنە جۇڭگو، سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، ئىئوردانىيە، لىۋىيە قاتارلىق ئون دۆلەتتىن 12 نەپەر ئۆلىما قاتنىشىدىكەن. لېكسىيە ئوقۇش يىغىنىدا مەخسۇس تېما بەلگىلەنمەيدىكەن، لېكسىيىنىڭ مەزمۇنىنىڭ چېتىلىدىغان دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئىسلام دىنى تارىخى، ئىقتىساد، پەلسەپە، قانۇن، قۇرئان تەپسىرى ۋە ھەدىس شەرھى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ئىسلام دىنى ۋە ھازىرقى زامان پەنلىرى دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. بۇ يىللىق لېكسىيە ئوقۇش يىغىنىغا قاتنىشىپ، بۇ يىغىننىڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك لېكسىيە ئوقۇش يىغىنى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەھۋال تونۇشتۇرۇش، ماتېرىيال توپلاش باسقۇچىدىن ھالقىپ چىقىپ، نۇقتىلىق ھالدا، ئىسلام دىنى ئىدىيىسى ئۈستىدە ئىزدىنىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، بۇ جەھەتتە ئېلىپ بېرىلغان مۇھاكىمىلەرنىڭ خېلىلا چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

مەن يىغىننى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن يىغىنغا «ئىسلام دىنى ۋە تىنچلىق» دېگەن تېمىدا ماقالە سۇندۇم.

5-ئاينىڭ 15-كۈنى، مۇھاكىمە يىغىنى قائىدە بويىچە خان ئوردىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قارىماققا ئۇنداق ھەشەمەتلىك كۆرۈنمەيدىغان ئاددىي بىنالار توپى بولسىمۇ، ئىچى تولىمۇ كۆركەم ۋە سەلتەنەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەب ئوردا قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى چىقىپ تۇرىدىكەن. ئوردىنىڭ ھويلا-ئاراملىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق، مەنزىرىسى گۈزەل بولۇپ، خۇددى جىمجىت گۈلزارلىققىلا ئوخشايدىكەن. يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى گېلەم، ئۈستىگە قويۇلغان يۆلەنچۈكلۈك پۈتسىز ئورۇندۇقتا ئولتۇردى؛ ئوردا خادىملىرى ۋە مۇھاپىزەتچىلىرى ئاق كىيىم، بېشىغا تۈركچە قىزىل مەخمەل دوپپا كىيگەن. مەن بۇنداق كىيىنىشلەرنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزەممۇ بۇ قەدىمىي ئوردىدا تۇرغاچقا، ئىختىيارسىز ھالدا ئاق كىيىم-

لىك تازىلار ۋە ئوسمان ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى ئادەتلەرنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلـ
پادىشا ئارقا ئوردىدىن كىرىپ كەلدى ھەمدە ئەتراپتىكىلەر بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، كۆپچە-
لىككە ئوخشاشلا گىلەم ئۈستىدىكى مەخسۇس ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. ئۇنىڭ تەبەسسۇم يېغىپ
تۇرغان چىرايى، يېقىملىق مۇئامىلىسى ئۆزىنىڭ مېھمانلار ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرى بىلەن باراۋەر،
ئىناق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيتتى ھەمدە مۇسۇلمانلارنىڭ قېرىنداشلارچە مۇناسىۋىتىنى گەۋدىلەندۈ-
رەتتى. لېكىن ئوقۇش يىغىنىدا كۈنگە بىر ئۆلىما بىر سائەتتىن كۆپرەك سۆزلىدى، پادىشا ھەر
كۈنى يىغىنغا كېلىپ ئۇنى ئاڭلىدى. بىرىنچى كۈنى يىغىن ئاخىرلاشقاندا، دىنىي ئىشلار ۋەزىرى
مېنى باشلاپ بېرىپ، پادىشا بىلەن كۆرۈشتۈردى. مەن پادىشاغا سالام بەردىم؛ ۋەزىر مېنى
تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، پادىشا سەممىي ھالدا قولۇمنى سىقىپ تۇرۇپ: ”يىغىنغا قاتناشقانلى-
قىڭىزنى قارشى ئالىمىز“ دېدى، مەن پادىشا ئالىيلىرىغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ۋە جۇڭگو
مۇسۇلمانلىرىنىڭ پادىشاغا شۇنىڭدەك ماراكەش مۇسۇلمانلىرىغا بولغان ئېسىل تىلەكلىرىنى يەتكۈز-
دۈم. كېيىن ئۇقسام، پادىشا ھەر كۈنى يىغىندىن كېيىن چەت ئەلنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن
بىرنى قوبۇل قىلىدىكەن. پادىشانىڭ ئالدى بىلەن جۇڭگولۇق مۇسۇلمان ئۆلىمانى قوبۇل قىلغانلىقى
ماراكەش ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو-ماراكەش خەلقىنىڭ دوستلۇقىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى
ئىپادىلەيدۇ، بۇ جۇڭگو-ماراكەش مۇسۇلمانلىرىنىڭ دوستانە ئالاقە قىلىش تارىخىدا تىلغا ئېلىشقا
ئەرزىيدىغان ئىش بولۇپ، مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

رامىزاننىڭ 10-كۈنى، پادىشا مۇھەممەد IV ۋاپات بولغان خاتىرە كۆن ئىكەن. ئۇنىڭ قەب-
رىسى مۇھەممەد IV مەسچىدى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىكەن. ئەتىسى يېرىم كېچىدە، ئۇنىڭ ۋاپاتى-
نىڭ 35 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، داغدۇغىلىق ھالدا دۇئا-تىلاۋەت قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈ-
زۈلدى. مۇراسىمدىن كېيىن، پادىشا ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلدى،
مەن ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشتۈم ھەمدە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن پادىشالارنىڭ
ماراكەشنىڭ مىللىي ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ياراتقان ئۇلۇغ تۆھپىلىرىگە ھۆرمەت
بىلدۈردۈم ۋە ئۆزەمنىڭ بۇ داغدۇغىلىق مۇراسىمغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىنغانلىقىمغا تەشەككۈر
ئېيتتىم. پادىشا بۇنىڭغا جاۋابەن رەھمەت ئېيتقاندىن سىرت: ”سىزنىڭ بۇ يەردە رامىزاننى
كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشىڭىزنى تىلەيمەن“ دېدى.

بۇ قېتىم كۆن پېتىشتىكى بۇ دۆلەتكە ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئۆزەم
يالغۇز كەلگەن بولسامۇ ھەرگىز يالغۇزلۇق ھېس قىلمىدىم، ماراكەش مۇسۇلمانلىرىنىڭ قېرىن-
داشلارچە مۇھەببىتى مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. مەن ئورتاق دىنىي ئېتىقادنىڭ، كۆرۈشكەندە
سالاملىشىش، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشنىڭ ۋە ئورتاق بولغان گۈزەل ئىستەكنىڭ جاھاننىڭ
ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنى بىر بىرىگە چىڭ باغلاپ تۇرغانلىقىنى، تىل ۋە يۇرتنىڭ
ئوخشاشماسلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ياتسىراشتىن خالاس قىلىدىغانلىقىنى ھەقىقىي ھېس
قىلدىم. ساھىپخانىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، مەن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ رەبات، سەلا،

تەنجىر، قۇنەيتەرە ۋە ماراكەشنىڭ ئەڭ چوڭ پورت شەھىرى كەسەبلەنكادا زىيارەتتە بولدۇم. بارغانلا يېرىمدە قاينام-تاشقىنلىق ئىش مەنزىرىسىنى كۆردۈم. گەرچە رامىزان ئېيى مەزگىلى بولسىمۇ، تىرىشچان، ئەقىل-پاراسەتلىك ماراكەش خەلقى ئۆگىنىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى ھارماي-تالماي داۋاملاشتۇرۇۋېتىپتۇ. ماڭا ھەمرا بولغان خادىملارنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، يېقىنقى ئىككى يىلدا ئاب-ھاۋا ئوبدان بولۇپ بەرگەچكە ۋە پادىشا ئاقىلانە سىياسەت يۈرگۈزگەچكە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتى ئوبدان بولۇۋېتىپتۇ، بۇغدايدا ئۆز ئۆزىنى تەمىنلەش ئىشقا ئېشىپتۇ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى خېلى ئۆسۈپتۇ. مەن بازارلاردا خىلمۇ-خىل مېۋىلەرنى، كۆزنى چاقنىتىدىغان كۆندىلىك سانائەت تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى كۆردۈم، مال باھاسىمۇ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمىگە سېلىشتۇرغاندا خېلى ئەرزان ئىكەن. 5-ئاي، يېزىلارنىڭ يازلىق يىغىم مەۋسۇمى بولغاچقا، بۇغدايلار ئاساسەن يىغىلىپ بوپتۇ، تېخى يىغىلىپ بولمىغان ئېتىزلاردىكى دولقۇنلاپ تۇرغان ئالتۇن باشاق بۇغدايلار ۋە باشقا كۆزلۈك زىرائەتلەر كىشىنى خۇشال قىلارلىق ئۆسۈۋېتىپتۇ؛ ئېتىز-ئېرىق ۋە يول بويلىرىدا ئۆستۈرۈلگەن كاكتۇسلار كۈچلۈك كۈن نۇرىدا قالتىس مېۋىلەپ كېتىپتۇ. مەن كەسەبلەنكادا زىيارەتتە بولغاندا، سەئۇدى مەسچىتىدە پېشىن نامىزىنى ئوقۇدۇم. قىزغىن ساھىپخان مېنى بۇ مەسچىتنىڭ كۇتۇپخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى، بۇ ئېلېكترونلۇق مېڭە بىلەن كونترول قىلىنىدىغان كۇتۇپخانا ئىكەن. ئۇنىڭدا ساقلىنىۋاتقان كىتابلارنىڭ كاتولوگىنىڭ ھەممىسى ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىدا ساقلىنىدىغان بولۇپ، كۇنۇپكىنى باسسىڭىزلا، كېرەكلىك بولغان كىتابنى ناھايىتى تېزلا تاپىدىكەنسىز، بۇ تولىمۇ قولاي ئىكەن؛ كۇتۇپخانا ئىچىدە يەنە كىتابخانلارغا ئېھتىياجلىق بولغان بارلىق جاھازلار بار ئىكەن. 5-ئاينىڭ 20-كۈنى، مەن خان ئوردىسىدىكى كۇتۇپخانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا، ھىجرىيە بىرىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرى، ئىككىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قۇرئان كەرىمنىڭ ئوسمان نۇسخىسىغا ئاساسەن قوي تېرىسىگە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنى كۆردۈم، بۇ ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى كەمدىن-كەم ئۇچرايدىغان گۆھەر ناھايىتى ئوبدان ساقلىنىۋېتىپتۇ.

رەبات مەشھۇر دىنىي شەھەر بولماستىن، ماراكەش پادىشالىقىنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت مەركىزى ئىكەن، شۇنداقتىمۇ بۇ يەردە رامىزان ئېيى كەيپىياتى خېلىلا قويۇق ئىكەن. ماراكەشتە كىشىلەر مەملىكەت بويىچە 5-ئاينىڭ 11-كۈنى روزا تۇتۇشقا باشلاپتۇ، ھەر كۈنى كىشىلەرنىڭ ئىپتار قىلىش ۋە زوھۇرلۇق تامىقىنى توختىتىش ۋاقتى توپ ئېتىپ ئۇقتۇرۇش قىلىنىدىكەن. ھەممىلا يەردە مەسچىتلەر بار ئىكەن، ھەر كۈنى گۇگۇم ۋاقتى بىلەن مۇنارلاردىن قۇرئان ۋە ئەزەن ئاۋازى تارقىلىپ تۇرىدىكەن، كىشىلەر ئالدىن تەييارلىۋالغان ئىپتارلىق تائاملىرى بىلەن ئىپتار قىلىۋالغاندىن كېيىن، دەرھال مەسچىتلەرگە بېرىپ ناماز ئۆتەپ بولۇپ، ئاندىن رەسمىي غىزالىنىدىكەن.

يىغىنغا قاتناشقان ئۆلىمالارنى ھەر كۈنى ئاخشىمى بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار ياكى داڭلىق جەمئىيەت ئەربابى ئىپتارغا تەكلىپ قىلىپ تۇردى. پادىشانىڭ مەسلىھەتچىسى، پارلامېنت-

www.uyghurkitap.com

ىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئوردىنىڭ باش خوجىدارى، ئۆي-جاي ئىشلىرى ۋەزىرى، دىنىي ۋە ئىسلام ئىشلىرى ۋەزىرى، رەبات شەھىرىنىڭ باشلىقى ۋە بىر مەلىكىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولغانلىقىمىز يادىمدا تۇرۇپتۇ، ساھىپخانلارنىڭ ھەشەمەتلىك قورولىرى، قىزغىن كۈتۈۋېلىشلىرى ۋە ماراكەشنىڭ مەزىلىك تائاملىرى كىشىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارنى قالدۇردى. مېھمان چاقىرىش، بولۇپمۇ دىنىي زاتلارنى ئىپتارغا چاقىرىش ئىسلام دىنىدا رىغبەتلەندۈرۈلىدىغان ساۋاپلىق ئىش، بۇ ئىش مېھماندوست ساھىپخانلارنىڭ ئۆيلىرىدە كونكرېت نامايەن بولدى.

مەن بىرنەچچە قېتىم زوھۇرلۇق يەپ بولغاندىن كېيىن مېھمانخانىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ، قەدىمىي شەھەرنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىگە نەزەر سالدىم، ئاسماندا كۈمۈشتەك پاقىراپ تۇرغان ئايغا، چىراقلار يېقىلىپ كەتكەن يىراقتىكى چوڭ-كىچىك كوچىلارغا قارىدىم، مەسچىتلەردىن چىققان قۇرئاننى قىرائەت قىلىش ئاۋازلىرى ئاتلانتىك ئوكياننىڭ شاۋقۇنى بىلەن قوشۇلۇپ كېتەتتى؛ شۇدەم خىيال دەرياسىغا غەرق بولۇپ، ئاللانىڭ پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا مۇشۇنداق ئەھمىيەتلىك رامىزان ئېيىنى ئاتا قىلىپ، ھەممىمىزنى ئاچارچىلىقنىڭ دەردىنى بىلدىدىغان، باياشاتلىقنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان قىلغانلىقىغا ھەمدۇ-سانا ئېيتتىم.

ۋەتەنگە قايتىشتىن ئىلگىرى، دىنىي ئىشلار ۋەزىرى ئابدۇلكەبىر ئەلەۋى بىلەن خوشلىشىش ۋاقتىدا، ئۇ: "سىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە 'بىلىم يىراق جۇڭگودا بولسىمۇ، ئۇنى ئىزدەپ ئۆگىنىڭلار' دەپ مەدھىيىلىگەن دۆلەتتىن كەلدىڭىز، پادىشا ئالىيلىرى سىزنىڭ كەلگەنلىكىڭىزنى قارشى ئالدى، ماراكەش خەلقىنىڭ قەدىمىي مەدەنىيەتلىك جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى بىلەن چوڭقۇر دوستلۇقى بار؛ پادىشا ئالىيلىرى مەملىكىتىمىزدىكى ۋە ھەرقايسى ئەللەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ." "بىز ئىككى دۆلەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئالاقىسىنى كۈچەيتىش يولى بىلەن، ئىككى دۆلەتنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز" دېدى. مەن يەنە بىر قېتىم ۋەزىرگە پادىشا ئالىيلىرىغا ۋە ماراكەش مۇسۇلمانلىرىغا بولغان مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈردۈم ھەمدە ئىككى دۆلەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ دوستانە ئالاقىسىنى ۋە ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ باردى-كەلدى قىلىشىنى كۈچەيتىش يولىدا بار كۈچۈم بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى خالايدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. ئاللادىن بىز ئورتاق تىرىشۋاتقان دوستلۇق ئىشلىرىمىزنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىنى تىلىدىم، ماراكەش پادىشالىقى ۋە مۇسۇلمانلىرىنىڭ پادىشا ئالىيلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە گۈللەپ ياشنىشىغا، تەرەققىي قىلىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردۈم.

مەن ماراكەش خەلقىغە بولغان مىننەتدارلىق ھېسسياتىم بىلەن، 5-ئاينىڭ 29-كۈنى بېيجىڭغا قايتىپ كەلدىم. ماراكەش خەلقىنىڭ دوستانە گەپ-سۆزلىرى، قىزغىن تەبەسسۇملۇق چىرايلىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ رامىزان ئېيىنى داغدۇغا بىلەن ئۆتكۈزۈش ئەھۋالى خىيال دېڭىزىمدا پات-پاتلا ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

# جۇمۇ كەنتى توشقان بېقىش بىلەن بېيىدى

### ما خېڭنىڭ

جۇمۇ كەنتى يۈننەن ئۆلكىسى لۇشى ناھىيىسىنىڭ بەيشۈي رايونىغا جايلاشقان ۋە مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كەنت. كەنت بويىچە 285 ئائىلە، 1572 نوپۇس، 1448 مو تېرىلغۇ يەر بولۇپ، كىشى بېشىغا 0.92 مودىن توغرا كېلىدۇ. بۇ كەنتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شىمالىي مېرىدىيان 24 — 25 گرادۇس ئارىلىقىدىكى يەرگە جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 1811 مېتىر ئېگىز. ئىلگىرى بۇ كەنتتىكى دېھقانلار دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن تىرىكچىلىك قىلاتتى، ئۇلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق نورما ئاشلىقى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 200 — 300 جىڭدىن، كۈنلۈك ئەمگەك قىممىتىمۇ ئىككى-ئۈچ موچەندىنلا توغرا كېلەتتى، "ئاشلىق يېيىشتە دۆلەتتىن سېتىۋالىدىغان، پۇل خەجلەشتە ئارىيەت ئالىدىغان" ھالەتتە ئۆتەتتى، ئۇلارنىڭ كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك مەسىلىسى ئۇزاققىچە ھەل بولماي كەلگەن ئىدى.

يېقىنقى يىللاردا ئائىلىلەرنى بىرلىك قىلغان مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مەركەز قىلغان تۈزۈلمە ئىسلاھاتى يولغا قويۇلۇشى بىلەن، كىشىلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتتىن بۇيان بېسىلىپ قالغان ئەمگەك ئاكتىپلىقى ئۇرغۇپ چىقىپ، جۇمۇ كەنتىدىكى خۇيزۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئاكتىپلىقىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. ئۇلار مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا يۇڭ توقۇمىچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن توشقان يۇڭىغا بولغان ئېھتىياجنىڭ ئېشىۋاتقانلىقىنى، ئۇزۇن يۇڭلۇق توشقاننى بېقىشنىڭ تېرىلغۇ يەر ئىگىلىمەيدىغان، مەبلەغ ئاز كېتىدىغان، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان ئالاھىدىلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، 1984-يىلى قىشتىن باشلاپ، كەنت بويىچە توشقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرغان ئىدى، 1985-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان بىر يىل ۋاقىتتىلا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلغان.

1984-يىل 10-ئاينىڭ 24-كۈنىدىن باشلاپ، باشلامچىلىق بىلەن توشقان باققان ما شېڭسەنىڭ ياردىمى بىلەن، جۇمۇ كەنتىدىكى 20 ئائىلە شاڭخەيدىن ئەكەلگەن "202" ئەلا سورتلۇق توشقاننى بېقىشقا كىرىشكەن. بۇلار كەنت بويىچە تۇنجى تۈركۈم توشقان باققان ئائىلىلەر ئىدى. 1985-يىل 3-ئايغا كەلگەندە، بۇ توشقانلار كۆپىيىپ 2 مىڭغا، توشقان باققۇچى ئائىلىلەر 60 قا يەتكەن. 7-ئايدىن كېيىن، يەنە 128 ئائىلە قوشۇلۇپ، بېقىلغان توشقان 7 مىڭ 120 گە يەتكەن. كەنت بويىچە ئۇزۇن يۇڭلۇق توشقان باققان ئائىلە جەمئى 208 گە يېتىپ، ئومۇمىي دېھقان

www.uyghurkitap.com

ئائىلىسىنىڭ 73 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، جۇمۇ كەنتىدە توشقان باققۇچى ئائىلىلەرنىڭ قالدۇق توشقىنىنى پۇلغا سۇندۇرغاندا ھەمدە ئۇنىڭغا نەسىللىك توشقان ۋە توشقان يۇڭى سېتىشتىن كىرگەن پۇلنى قوشقاندا، ئومۇمىي كىرىمى بىر مىليون 360 مىڭ يۇەنگە يېتىپ①، كىشى بېشىغا 800 نەچچە يۇەندىن توغرا كەلگەن، بۇ توشقان بېقىش يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ئاشلىق تېرىش، تاماكا قورۇش، قوشۇمچە كەسىپ ۋە سودا قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىشتىن قىلىنغان كىشى بېشىغا 178 يۇەندىن توغرا كەلگەن كىرىمدەك 4.5 ھەسسە كېلىدۇ. ما چىڭسەن، ما شېڭسەن، ما شۆچۈەن، ما شياۋئېن قاتارلىق 10 ئائىلىنىڭ ساپ كىرىمى 10 مىڭ يۇەنگە يەتكەن؛ ما چيۇسەن، ما شۇنجۇ، ما شۇنگۇ قاتارلىق 10 ئائىلىنىڭ مەھسۇلات قىممىتىمۇ (قالدۇق توشقانلارنى باھاغا سۇندۇرغاندا) 10 مىڭ يۇەنگە يېتىدۇ؛ كىرىمى تۆت مىڭ يۇەندىن سەككىز مىڭ يۇەنگىچە بولغان ئائىلە تەخمىنەن 60 قا، مىڭ يۇەندىن ئۈچ مىڭ يۇەنگىچە بولغان ئائىلە تەخمىنەن يۈزگە، مىڭ يۇەندىن تۆۋەن بولغان ئائىلە تەخمىنەن 20 گە يەتكەن. ما شۆچۈەن ئائىلىسىنىڭ كىرىمى 10 مىڭ يۇەندىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، توشقان باققۇچى ئائىلىلەر ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىكى ھېسابلىنىدۇ، دەسلەپتە ئۇ 520 يۇەنگە ئۈزۈن يۇڭلۇق توشقاندىن 12 نى سېتىۋالغان، بۇ توشقاننىڭ ئاينىشى تېز ھەم كۆپ بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بالا توشقانلارنىڭ ھەممىسى ئەي بولغان. ئۇنىڭ ئائىلىسى بىر يىل توشقان بېقىپ، نەسىللىك توشقاندىن 200 نى سېتىپ، 12 مىڭ 500 يۇەن، 35 كىلوگىرام توشقان يۇڭى سېتىپ تۆت مىڭ يۇەن كىرىم قىلغان. بىر يىل ئىچىدە، توشقان كاتىكى سېلىش، توشقان قەپىزى ۋە يەم ـ خەشەك، دورا سېتىۋېلىشقا ئىككى مىڭ 200 يۇەن سەرپ قىلغان، يىل ئاخىرىدا قېپقالغان 137 دانە توشقاننى تۆت مىڭ 110 يۇەنگە سۇندۇرغاندا، يىللىق ئومۇمى ساپ پايدا 17 مىڭ يۇەندىن ئاشقان.

خۇيزۇ ياش ما رۇيگۇ كىچىكىدىلا دادىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بولۇپ، ئانىسى بىلەن غۇربەتچىلىكتە تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇنىڭ دادىسى ھايات ۋاقتىدا دۆلەتكە 900 يۇەن قەرزدار بولۇپ قالغان بولۇپ، قايتۇرۇشقا قۇربى يەتمەي كەلگەن ئىدى. بەزىلەر "ئۇنىڭ قەرزى نەۋرىسىگە قالىدىغان بولدى!" دېيىشكەن. جۇمۇ كەنتى توشقان بېقىش گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى ما شېڭسەن بىلەن كونا توشقانچى ئائىلىلەر نۇقتىلىق ھالدا ما رۇيگۇغا يار ـ يۆلەكتە بولۇپ، ئۇنىڭغا پۇل قەرز بەرگەن، شاگخەيدىن ئەكەلگەن نەسىللىك توشقاندىن ئۇنىنى ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا تەقسىم قىلىپ بەرگەن ھەمدە ئۇنىڭغا توشقان كاتىكى سېلىشىپ بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن، يېرىم يىلغىمۇ يەتمىگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭ كىرىمى تۆت مىڭ يۇەنگە، يىل ئاخىرىغا كەلگەندە 10 مىڭ يۇەنگە يەتكەن. ئۇ توشقان بېقىش ئۈچۈن ئالغان قەرزىنىلا قايتۇرۇپ قالماي، دادىسىدىن قېپقالغان قەرزنىمۇ بىراقلا قايتۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئۇ ئۆيلىرىنى رېمونت قىلدۇرۇپ، توي قىلغان، ھويلىسىغا باسما قۇدۇق قازدۇرغان، ۋېلسىپىت، كىيىم تىكىش ماشىنىسى قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىپ، ئائىلە بويىچە خوشال ـ خورام تۇرمۇش كەچۈرگەن.

بەيشۈي رايونىنىڭ باشلىغى ما ۋېيسەن جۇمۇ كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، يىل بويى دىگۇدەك سىرتتا خىزمەتتە بولاتتى. ئۇنىڭ ئايىلى 12 ياشلىق قىزى بىلەن بىرگە 1985 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئۈزۈن يۇڭلۇق توشقاندىن تۆتنى باققان، شۇ يىلى 10 ـ ئايغا

كەلگەندە بىر مىڭ 600 يۈەن كىرىم قىلىپ، ئائىلىسىگە ۋەلسىپىت، ئۇستەل ۋە سەي جاۋىنى قاتارلىقلارنى سېتىۋالغان. ئۇ كىشىلەرگە: "بىز راستىلا توشقان بېقىشنىڭ تەمىنى تېتىپ قالدۇق" دېگەن.

جۇمۇ كەنتىدە توشقان بېقىش ئىشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئاممىنىڭ كىرىمى خېلى ئۇمۇمى يۈزلۈك ھالدا ۋە خېلى زور ھەجىمدە ئاشقان، ئۇلار مەبلىغىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى تەكرار ئىشلەپچىقىرىشقا سالغاندىن باشقا، قالغىنىنى ئۆي-دوگغۇل بولۇپ كەتكەن ھويلا ئاراملىرىنى رېمونت قىلىپ تەكشىلەشكە ئىشلەتكەن، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئۆيلىرىگە سمونت ياتقۇزۇش، ئىشىك-دەرىزىلەرنى سىرلاش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلەتكەن؛ كەنت بويىچە يىغىندىن 120 باسما قۇدۇق قېزىلىپ، ئامما ئىچىشكە ۋە نامازغا تاھارەت ئېلىشقا پاك سۇ ئىشلىتىدىغان بولغان. كەنت بويىچە دېخانلار تىراكتۇردىن بىرنى، سۇ پومپىسىدىن ئىككىنى، تېلېۋىزوردىن 35 نى، ئۈنئالغۇدىن 24نى، ۋەلسىپىتتىن 80 نى، كىرئالغۇدىن 78 نى، كىيىم تىكىش ماشىنىسى-دىن 40 نى سېتىۋالغان. جۇمۇ كەنتى يەنە توشقانچىلىقنى باشقۇرۇش راسخودىدىن پۇل ئاجرى-تىپ، ئۇزۇنلىقى 10 كىلومېتىر كېلىدىغان يولنى رېمونت قىلدۇرغان؛ مەسچىتىنىڭ سېلىنىۋاتقان پەشتىقى پۈتۈش ئالدىدا تۇرىدۇ، كەنتتىكى مۇسۇلمانلار باياشات تۇرمۇش كەچۈرمەكتە، ئۇلار-نىڭ روزا ھېيت كۈنى ئەتىگىنىلا بەرگەن پىترىسى بەش مىڭ 800 يۈەندىن ئاشىدۇ.

جۇمۇ كەنتىدىكى خۇيزۇ مۇسۇلمانلار توشقان بېقىپ بېيىش يولىنى تېپىۋالغان، ئۇلار "بېيىي-مەن دېسەڭ توشقان باق" دېيىشكەن؛ توشقاننىڭ يېتىلىش مۇددىتى قىسقا بولۇپ، تېز كۆپىيىدۇ. بالا توشقان 6 ئايدىلا يېتىلىپ تۇغىدۇ. يېتىلگەن بىر جۈپ توشقان بىر يىلدا كۆپىيىپ ئىككى-ئۈچ-يۈزگە بارىدۇ. بىر دانە نەسىللىك توشقان 50 يۈەنگە يارايدۇ، يىلىغا 70 يۈەن قىممىتىدە 0.7 كىلوگىرام يۇڭ بېرىدۇ. ئەگەر بېقىش تېپىپ، ئوبدان ئەي بولسا، ئوبدان يېتىلسە، يىلىغا 10 مىڭ يۈەن كىرىم قىلغىلى بولىدۇ. كۆپچىلىك ئىنچىكە ھېساپ كىتاب قىلىپ كۆرگەندىن كېيىن، توشقان بېقىشنىڭ تۆت چوڭ پايدىسى بار ئىكەن، يەنى يەم-خەشەك مەنبەسى كەڭ، بېقىش تەننەرقى تۆۋەن، ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى ئىكەن، دۆلەتكە تاشقى پېرىۋوت يارىتىپ بەرگىلى بولىدىكەن، دەپ ھېسابلىغان. دېمەك، بۇنىڭ دۆلەتكىمۇ، شەخسكىمۇ پايدىسى بار. توشقان بېقىش بىلەن يەنە كەنتتىكى 250دىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچى ۋە 162 يېرىم ئەمگەك كۈچىگە چىقىش يولى تېپىلغان. توشقان مايغىنىڭ ئوغۇتلۇق ئۈنۈمى يۇقۇرى، ئۇنى يەنە بېلىققا يەم-خەشەك قىلىپ، بېلىقچىلىقنى راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ، توشقان قېرىغاندا، ئۇنىڭ گۆشىدە بۇلغۇن باققىلى بولىدۇ، دېمەك، بۇنىڭ بىلەن دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە بېلىقچىلىقنى راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ. ئاممىا "توشقان بېقىش ئەمگەك كۈچى تالاشمايدىكەن، قېرىلارمۇ، بالىلارمۇ باقسا بولىۋېرى-دىكەن، ئۇنىڭدا تېرىلغۇ يەر ئىگەللەنمەيدىكەن، ئوت-چۆپ بولسىلا بولىدىكەن، توشقان مايغى-نىڭ ئوغۇتلۇق ئۈنۈمى يۇقۇرى بولىدىكەن، توشقان تېز كۆپىيىدىكەن، بالدۇر يېتىلىدىكەن، كۆپ پايدا بېرىدىكەن، ئۇنىڭغا مەبلەغ ئاز كېتىدىكەن، ئۇنى كوللېكتىپ باقسىمۇ، شەخسلەر باقسىمۇ بولىدىكەن" دېيىشكەن.

مەن ئۆزەممۇ جۇمۇ كەنتىدىن، مېنىڭ ئائىلەممۇ توشقان باققان ھەمدە ئۇنىڭ پايدىسىنى

كۆرگەن. توشقان بېقىشنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى پايدىسى كەنتىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنى ئۆزىگە قاتتىق جەلىپ قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە، كەنتىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ توشقان بېقىش قىزغىنلىقى راسا ئۆرلەپ، كەنت بويىچە 98 پىرسەنتتىن كۆپ ئائىلە توشقان بېقىشقا كىرىشىپ كەتتى. ھەممە ئائىلىلەر بىر بىرىگە ياردەملىشىپ، ئورتاق بېيىش يولىغا ماڭدى. ئۇلار كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويۇپ، ئىقتىسادىي كىرىمىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش ئاساسىدا، كەنتنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇردى، قېرىلار، ئاجىزلار، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرىنى ۋە جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىنى ئوبدان يولغا قويۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن ماددى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەڭ ئالغا سۈردى، كۆپچىلىكنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇلار "تىرىشىپ سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرماقتا".

جۇمۇ كەنتىدىكى خۇيزۇ مۇسۇلمانلار بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۇزۇن يۇڭلۇق توشقان بېقىپ، بېيىش يولىغا قەدەم قويدى. كۆپچىلىك بىردەك: ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان نامرات بىر كەنتنىڭ مۇشۇنداق تېز تەرەققىي قىلالىشى، ئاساسەن، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ يېزا ئىسلاھاتى سىياسىتىنىڭ ياخشىلىقىدىن بولدى، دېيىشتى. بۇ جەھەتتە بىز مۇنداق بىر نەچچە تەسىراتقا كەلدۇق:

يېڭى شەيئىنى تونۇشىمىز بالدۇر، ئىرادىمىز كۈچلۈك، ھەرىكىتىمىز تېز بولدى. 1984-يىل 8-ئايدا، ئۆلكىلىك توشقانچىلىق ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى لۇشى ناھىيىسىدە خۇڭخې بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك توشقانچىلىق خىزمىتى يىغىنىنى چاقىردى. جۇمۇ كەنتىدىكى مۇسۇلمانلاردىن ماشېڭسەن قاتارلىق بىرنەچچەيلەن يىغىنغا قاتنىشىپ زور ئىلھام ئالدى؛ ئۇلار كەنتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ ھەقتە كەڭ تۈردە تەشۋىقات ئېلىپ باردى، يەنە ياشلاردىن 13 كىشى لۇلياڭ ناھىيىسىگە توشقان بېقىش كۇرسىغا ئۆگىنىش ۋە ئېكىسكۇرسىيە قىلىشقا ئەۋەتىلدى. شۇنىڭ بىلەن، كۆپچىلىكنىڭ تونۇشى ئۆسۈپ، بۇ ئىشنى قەتئىي قىلىش ئىرادىسىگە كەلدى. 9-ئايدا، لۇشى ناھىيىسىدىن ئۈچ ئادەم شاڭخەيگە بېرىپ، بىر تۈركۈم ئەلا سورتلۇق نەسىللىك توشقان ئەكەلدى، بۇ توشقاندىن جۇمۇ كەنتى 200 نى سېتىۋالدى. دەسلەپتە، توشقان بېقىش تەجرىبىسى يېتەرسىز بولغاچقا، بېقىش ۋە باشقۇرۇش تېخنىكىسى جەھەتتە ئۇلار بىرمۇنچە قىيىنچىلىقلارغا يولۇقتى، ئەمما ئۇلار قىلچە تەۋرىنىپ قالماي، داۋاملىق باشقىلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، ئاخىرى قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، بېقىش تېخنىكىسىنى پەيدىنپەي ئۆگىنىۋېلىپ، توشقان بېقىش كەسپىنى ئۈگۈشلۈق راۋاجلاندۇردى.

رەھبەرلىك ئەھمىيەت بەردى، تەدبىر كۈچلۈك بولدى. لۇشى ناھىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بەيشۈي رايونىنىڭ رەھبەرلىرى ئۆز رايونىنىڭ توشقان بېقىش ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، كۆپ خىزمەت ئىشلىدى. ئۇلار جۇمۇ كەنتىدىكى ئاممىنىڭ توشقان بېقىش ئاكتىپلىقىنىڭ يۇقۇرىلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، ناھىيىلىك تەمىنات-سودا كوپىراتىۋى، تاشقى سودا ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى قاتارلىق ئورۇنلار 60 مىڭ يۈەن پۇل قەرز بەردى ھەمدە توشقان قەپىزى، توشقان كاتىكى سېلىش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ماتېرىياللار بىلەن ئىمكانە-

يەتنىڭ بىرىچە تەمىنلىدى ۋە توشقاننىڭ يەم-خەشەكلىرىنى يەتكۈزۈپ بەردى؛ توشقان بېقىشقا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ناھىيە، رايون، يېزا ۋە كەنتتە يارامىلىق رەھبەرلىك بەنزىسى تەشكىللەندى، ناھىيىدىن جېجياڭدىن تەكلىپ قىلىنغان تېخنىك ۋېڭ چيۇشياۋنى ۋە ناھىيىنىڭ تېخنىكى ۋۇ ياۋشەننى كەنتكە تېخنىكا ئۈگىتىشكە ئەۋەتتى، رايوندىن كەنتىمىزدىكى توشقان بېقىش ئاكتىۋى ما شىڭسەننى كەنتىمىزنىڭ توشقان بېقىش تېخنىكا يېتەكچىسى قىلىپ بېكىتىپ، توشقان باققۇچى ئائىلىلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى.

كەنتتە توشقان باققۇچى ئائىلىلەر پەيدىن-پەي كۆپەيدى. دەسلەپكى تۈركۈمدە توشقان باققان 20 ئائىلە ناھايىتى تېزلا پايدا تاپقاندىن كېيىن، كەنتلىك توشقان بېقىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئۇلارنىڭ ماقۇللۇغىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ساپ كىرىمىنىڭ 60 پىرسەنتىنى ئىككىنچى تۈركۈمدە توشقان باققۇچى 60 ئائىلىگە ئۆسۈمسىز قەرز ھساۋىدا ياردەم قىلدى. توشقان بېقىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئۇ ئائىلىلەرنىڭ ئەلا سورتلۇق نەسىللىك توشقان، توشقان كاتىگى ۋە قەپىزىگە لازىملىق ماتىرىياللارنى سېتىۋېلىشىغا ياردەملەشتى ھەمدە مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ، ئۇلارغا توشقان بېقىش تېخنىكىسى جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلدى؛ ئارقىدىنلا، 3-تۈركۈم توشقان باققۇچى ئائىلىلەر پۇختا ۋە سالماق ھالدا راۋاجلاندۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، كەنتىمىزدە توشقانچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئۇچقۇشلۇق ۋە تېز بولدى.

توشقان بېقىشنى بۇرۇن يولغا قويغان ئائىلىلەر ئۇنىڭغا يېڭىدىن كىرىشكەن ئائىلىلەرنى يېتەكلەپ ماڭدى، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە يار-يۆلەكتە بولدى، ھەممە ئائىلىلەر بىر بىرىگە كۆيۈنۈپ ۋە ياردەم بېرىپ، ئورتاق بېيىدى. جۇمۇ كەنتىدىكى خۇيزۇ مۇسۇلمانلار توشقان بېقىشنى راۋاجلاندۇرۇش داۋامىدا، ئۆز مىللىتى ئىچىدە ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقنى ئوبدان يولغا قويۇپلا قالماي، خوشنا كەنتتىكى خەنزۇ، يىزۇ قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ توشقان بېقىش ئىشىنى راۋاجلاندۇرۇشىغىمۇ ئۆزلىگىدىن ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ نەسىللىك توشقان، مەبلەغ قاتارلىقلارنى ھەل قىلىشىغا ياردەملەشتى.

جۇمۇ كەنتىدىكى ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار توشقان بېقىشنى راۋاجلاندۇرۇشتا باشلامچىلىق ۋە تايانچلىق رول ئوينىدى. دەسلەپتە، كەنتتىكى ياشانغانلارنىڭ كۆپىنچىسى توشقان بېقىش ئىشىنى ياقتۇرمىغان ئىدى. ئۇلار ئاتا-بوۋىمىزمۇ ئەزەلدىن توشقان دەيدىغان كىچىك جانىۋارنى بېقىپ باقمىغان، ئەمدىلىكتە توشقان بېقىپ بېيىيمىز دېسەك، ئەپلەشتۈرەلمەي زىيان تارتىپ قالارمىزمىكىن دەپ قارىغان ئىدى. ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار ئىدىيىدە ئازات بولۇپ، ئۆزلىگىدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، توشقان كاتىگى، توشقان قەپىزى ياسىدى، پۇل يىغىش قىلىپ نەسىللىك توشقان، يەم-خەشەك سېتىۋالدى ھەمدە باشقا يەرلەرگە بېرىپ، توشقان بېقىش ۋە توشقان كېسەللىگىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تېخنىكىسىنى ئۈگەندى. توشقانلار كۆپىيىپ كۆزگە كۆرۈنۈپ، خېلى ئوبدان كىرىم قىلىنغاندىن كېيىن، قېرىلارنىڭمۇ چىرايلىرىغا كۈلكە يۈگۈرۈشۈپ، توشقان بېقىشقا قارشى تۇرۇش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۇنى قوللىدى ھەمدە ئۆزى كىرىشىپ كەتتى.

جۇمۇ كەنتىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تىرىشىپ ئۇزۇن يۈگۈلۈق توشقان بېقىشىغا ئىلھام بولغىنى ئۆلكە رەھبەرلىرىنىڭ غەمخورلىقى ۋە ياردىمى بولدى.

www.uyghurkitap.com

يۇنىەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى توشقانچىلىق ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى چېڭ كېدانىڭ 1985 ـ يىل 12 ـ ئايدىكى "بىر يىلدا 10 مىڭ يۇەنلىك ئائىلىدىن 20 سى يارلىققا كەلگەن جۇمۇ كەنتى توغرىسىدا» دىگەن تەكشۈرۈش دوكلادىدا مۇنداق دىيىلگەن: "......لۇشى ناھىيىسى بەيشۈي رايونىنىڭ جۇمۇ يېزىسىدىكى خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جۇمۇ كەنتى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتىن شۇنى بايقاشقا بولىدۇكى، بۇ كەنت توشقان بېقىشتىن ئېرىشكەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ يۇقۇرىلىقى، ئۈنۈم ھاسىل قىلىش ۋاقتىنىڭ تېزلىگى، توشقان باققۇچى ئائىلىلەرنىڭ نىسبىتىنىڭ كۆپلىگى جەھەتتە پۈتۈن ئوبلاست ۋە ئۆلكىدىكى توشقان باققۇچى كەسپىي ئائىلىلەر، نۇقتىلىق ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى بېسىپ چۈشىدۇ، بۇلارنى پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە گەۋدىلىك تىپ دىيىشكىمۇ بولىدۇ."

ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ليۇ شۇشېڭ 1986 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى يۇقۇرىقى "تەكشۈرۈش دوكلادى"غا ئۆز ۋاقتىدا تەستىق سالغان، تۆۋەندە مۇئاۋىن شۇجى ليۇ شۇشېڭنىڭ تەستىقىنىڭ تولۇق تېكىستىنى بېرىمىز:

"بۇ ماتىرىيال يېزا خىزمەت يىغىنىغا قاتناشقان يولداشلارغا بېسىپ تارقىتىپ بېرىلسە. توشقان بېقىش بىر چوڭ كەسىپ، شۇنىڭدەك نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىشنىڭ بىر چوڭ يولى. ئۆلكىلىك پارتكوممۇ بۇ ھەقتە بىر نەچچە قېتىم چاقىرىق چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر بۇ ئىشنى ياراتماي كەلگەن ئىدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئوبوروت يوللىرى راۋان بولمىغاچقا، تەدبىرلىرىمىز كۈچلۈك بولمىغاچقا، بولۇپمۇ رەھبەرلەر يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمىگەچكە، تەرەققىيات ئاستا بولدى، جۇمۇ كەنتىگە ئوخشاش ئوبدان تىپلار تېخى ناھايىتى ئاز. يولداش چېڭ كېداغا ئوخشاش توشقان بېقىش ئىشلىرىغا جان كۆيدۈرىدىغان كىشىلەر تېخىمۇ ئاز. 'ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ'، بىز جۇمۇ كەنتىدىن ئىبارەت 'ئۇچقۇن' ئارقىلىق، توشقان بېقىش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ 'يانغىن' چىقىرالايمىزمۇ ـ يوق؟ بولۇپمۇ دائىم بېيىشنىڭ يولىنى تاپالمايۋاتىمىز دەپ يۈرگەن جايلار جۇمۇ كەنتىنىڭ توشقان بېقىش تەجرىبىسىدىن ئاز ـ تولا ئىلھام ئېلىپ، ئوبدان بىر ياكى بىرنەچچە نۇقتىنى تاللاپ، توشقان بېقىش ئارقىلىق بېيىش بويىچە 'ھۇجۇم' قوزغاپ باقسا قانداق؟ مېنىڭچە، ھەر بىر رايوندا جۇمۇ كەنتىدىن بىر ـ ئىككىنى يارلىققا كەلتۈرەلىسەك توشقان بېقىش ئىشىدا 'يانغىن' چىقىرالىشىمىزدىن زور ئۈمىت كۈتكىلى بولىدۇ. بىز چوڭ ئىشلارنى قىلالمايدىغان، كىچىك ئىشلارنى ياراتمايدىغان خاتا پوزىتسىيىنى قەتئىي تۈگىتىشىمىز كېرەك."

① جۇڭگونىڭ ئۇزۇن يۇڭلۇق توشقىنىنىڭ يۇڭى دۇنياغا مەشھۇر، دۇنيا بازىرىدا تەمىنلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ. يەرلىك توشقانلىرىمىزنىڭ ھەر كىلوگىرام يۇڭىنىڭ باھاسى 80 يۇەن، 100 يۇەندىن 180 يۇەنگە ئۆرلىگەن ئىدى. توشقان يۇڭىنىڭ باھاسى ئۆرلىگەچكە، ئاما بەس ـ بەستە توشقان باققان، ئەينى ۋاقىتتا شاڭخەيدىن ئەكەلگەن نەسىللىك توشقانىنىڭ ھەر جۈپىنىڭ باھاسى 12.5 يۇەن ئىدى. كېيىن 18 يۇەنگە، ئارقىدىن 60 يۇەنگە چىقتى. كېيىن ئۇنىڭ باھاسى مۇقىم بولدى. بۇ ماقالا يېزىلغاندا، توشقان يۇڭىنىڭ ھەر كىلوگىرامى ئالاھىدە دەرىجىلىكىنىڭ 120 يۇەن، 1 ـ دەرىجىلىكىنىڭ 100 يۇەن، 2 ـ دەرىجىلىكىنىڭ 80 يۇەن، 3 ـ دەرىجىلىكىنىڭ 60 يۇەن، دەرىجىگە توشمايدىغىنىنىڭ 30 يۇەن بولغان.

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 3-نۆۋەتلىك خەلقئارا ئىسلام دىنى تەشۋىقات يىغىنىغا ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتتى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئەرەپ لىۋىيە سوتسىيالىستىك ئاۋام جۇمھۇرىيىتى ئىسلام دىنى تەشۋىقات جەمئىيىتى (تۆۋەندە "لىۋىيە ئىسلام دىنى تەشۋىقات جەمئىيىتى" دەپ ئاتىلىدۇ)نىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سالىھ. ئەن شۇيې باشچىلىقىدىكى ئۈچ كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئەۋەتىپ، 1986-يىل 9-ئاينىڭ 11-كۈنىدىن 24-كۈنىگىچە لىۋىيىنىڭ پايتەختى ترىپولىدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا ئىسلام دىنى تەشۋىقات جەمئىيىتىنىڭ 3-نۆۋەتلىك يىغىنىغا قاتناشتۇردى.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى 80 دۆلەتتىكى 180 ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ۋەكىلى قاتناشتى. بۇ ۋەكىللەر مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ، مىنىستىر، ئىمام، ئۆلىمالار ۋە دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى زاتلاردىن بولۇپ 400دىن ئارتۇق كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاسىيا، ئافرىقا ئەللىرىدىن كەلگەن ئون نەچچە ئايال مۇسۇلمان ۋەكىلى قاتناشتى ھەمدە لىۋىيە ئىسلام دىنى تەشۋىقات جەمئىيىتىدىن 100دىن ئارتۇق كىشى يىغىن خىزمىتىگە قاتناشتى.

بۇ نۆۋەتلىك دىنىي تەشۋىقات يىغىنى دىن ۋە سىياسىيدىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالدى. دىنىي جەھەتتە مۇنداق ئۈچ مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلدى: بىرىنچى، كېڭىشىش ۋە ئايرىلماسلىق توغرىسىدىكى ئىككى ئايەتنى توغرا چۈشىنىش؛ ئىككىنچى، مۇسۇلمانلار تارىختىن قېپقالغان دىنىي مەزھەپلەر تۈپەيلىدىن زىددىيەتلەشمەسلىكى ۋە بۆلۈنۈپ كەتمەسلىكى لازىم؛ ئۈچىنچى، ھەرقايسى ئەللەردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى دىنىي تەشۋىق قىلىش داۋامىدا قانداق مەسىلە ۋە قىيىنچىلىقلارغا يولۇقتى، ئۇنى قانداق ھەل قىلدى. بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ۋەكىللەر نۇقتىلىق پىكىر بايان قىلدى. سىياسىي جەھەتتە، يىغىن ئىسلام دۇنياسى ۋە ئەرەپ ئەللىرى يېڭى ئەھلى سەلىپنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىماقتا، شۇڭا مۇسۇلمانلارنى خۇدا يولىدا غازات قىلىشقا چاقىرىش كېرەك دەپ ھېسابلىدى. يىغىن يېپىلىش ۋاقتىدا، يىغىننىڭ قارارى ۋە 3-نۆۋەتلىك خەلقئارا ئىسلام دىنى تەشۋىقات جەمئىيىتى مۇدىرىيىتىنىڭ مۇدىرلىرىنىڭ ئىسىملىكى ئېلان قىلىندى.

يىغىن مەزگىلىدە، لىۋىيە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن كازافى بىلەن جالۇد ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ يىغىن قاتناشچىلىرى بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر كازافىنىڭ ئامېرىكا ئايروپىلانلىرى بومباردىمان قىلغان تۇرار جايىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ

قىلمىشلىرىغا نەپرەت ئوقۇدى. 22-كۈنى كەچتە، ئۇلار ترىپولىدىكى ھەيۋەتلىك مۇھەممەد موللا جامەسىدە نامازشام ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئۈچ نەپەر قىز-ئوغۇل ئوقۇغۇچىسى قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ بەردى. ئۇلارنىڭ قىرائىتى ۋە توغرا تەلەپپۇزى يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

لىۋىيە دىنىي تەشۋىقات جەمئىيىتى جۇڭگو ئىسلام دىنى ۋەكىللەر ئۆمىكىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ خېلى ئوبدان ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلدى. باش شۇجى دوكتۇر مۇھەممەت ئەشرەف "جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ لىۋىيە ئامىردىكىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراۋاتقان پەيتتە يىغىنغا ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتكىنىگە رەھمەت ئېيتىمىز، بۇ بىز ئۈچۈن ئەڭ زور مەدەت"دېدى. 17-كۈنى، كازافى يىغىندا ئۇزۇن نۇتۇق سۆزلىگەندە، ئەن شۇيى ئاخۇنۇم يىغىننىڭ ئىجرائىيە ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، سەھنىدىن ئورۇن ئالدى، ئەن شۇيى ئاخۇنۇم سەھنىدە كازافى بىلەن سالاملاشتى. 20-كۈنى، كازافى يىغىنغا قاتناشقان ئاساسلىق ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى قوبۇل قىلغاندا، ئۆمەك باشلىقى ئەن شۇيى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ھەمدە لىۋىيىلىك مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا بولغان سالامى ۋە ياخشى تىلەكلىرىنى يەتكۈزدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، باشقا ئەللەردىن كەلگەن مۇسۇلمانلار بىلەن كەڭ ئۇچراشتى ۋە سۆھبەتلەشتى. ئۇلار مەملىكىتىمىزدە يەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ پۇل ئىئانە قىلىشى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرى مەبلەغ توپلىشى بىلەن 24 مىڭ مەسچىت سېلىنغانلىقى ۋە ئېچىۋېتىلگەنلىكىنى، بىرنەچچە ئىسلام ئىنستىتۇتى قۇرۇلغانلىقىنى ۋە بۇ يىل ئىككى مىڭ 200 كىشى مەككىگە ھەج-تاۋاپ قىلغىلى بارغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ھەممىسى تەڭلا "خۇداغا شۈكرى"دېيىشتى. جىددىدىن يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن دۇنيا ئىسلام كېڭىشىنىڭ ۋەكىلى، سومالىلىق ھەسەن ئەن شۇيى ئاخۇنۇم بىلەن كۆرۈشۈش بىلەنلا: "مېنىڭ قارىشىمچە، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى تازا ئالتۇن دەۋردە تۇرۇۋېتىپتۇ!"دېدى.

(ياڭ ليەنكەي)

www.uyghurkitap.com

# زىيائۇل ھەق زۇڭتۇڭ جۇڭگولۇق ھاجىلارنى يوقلىدى

گوسۇڭجاڭ

1986-يىل 7-ئاينىڭ 21-كۈنى، مەن ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن پاكىستاننىڭ شىمالىدىكى سۇست ئېغىزىغا بارغان ئىدىم. يول توسۇلۇپ قالغاچقا، شۇ كۈنى ۋەتەنگە قايتىپ كېلەلمەي، بىر-كۈن تۇرۇپ قالدىم. ئەتىسى بۇ يەرگە مەككىگە ھەجگە بېرىش ئۈچۈن پاكىستاندىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان جۇڭگولۇق يولۇچىلارنى يوقلىغىلى كەلگەن پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى زىيائۇل ھەقنى كۆردۈم.

7-ئاينىڭ 22-كۈنى، خەرىتىدىن تاپقىلى بولمايدىغان، پاكىستاننىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان تاغلىق كەنت — سۇستنىڭ ھەممىلا يېرىگە رەڭگا-رەڭ بايراقلار ئېسىلغان بولۇپ، پاكىستاننىڭ دۆلەت بايرىقى لەپىلدىمەكتە ئىدى. سۇست مۇھاجىرلار ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسىغا "ياشىسۇن پاكىستان-جۇڭگو دوستلۇقى!" دېگەن خەنزۇچە يېزىلغان پىلاكات ئېسىلغان ئىدى. بىر كېچىدىلا سۇست چۆلگە ئورنىتىلغان چېدىر تىكىلگەن بولۇپ، يىراقتىن قارىسا چېدىر شەھىرىگە ئوخشايتتى. يەرلىك كىشىلەر جۇڭگودىن ھەج-تاۋاپ قىلىشقا ماڭغان يولۇچىلارنى كۈتىدىغان مەخسۇس چېدىرلارنى "جۇڭگو بارگاھى" دەپ ئاتىشىدىكەن.

ھەممىدىن بەك كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغىنى ئاق بۇلۇتلار قاپلىغان مۇز تاغدىن گۈلدۈرلەپ ئېقىپ كېلىۋاتقان قونجىراپ دەرياسىنىڭ سۈيى ئىدى. دەريا ساھىلىدە، پاكىستاننىڭ قونجىراپتا تۇرۇشلۇق بىخەتەرلىكنى قوغدىغۇچى قىسىملىرى تەرىپىدىن يوغان-يوغان تاشلارنى ياتقۇزۇپ ياسالغان، دىئامېتىرى سەككىز مېتىر كېلىدىغان، تىك ئۇچار ئايروپىلان چۈشىدىغان بەش مەيدان بار بولۇپ، ئاق رەڭ بىلەن بويالغان بۇ تاش مەيدانلار كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئايرودرومنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا تىك ئۇچار ئايروپىلان دېگەن ئىنگلىزچە سۆزنىڭ بىرىنچى ھەرپى بولغان "H" ئاق تاش بىلەن چوڭ قىلىپ چىقىرىلغان. ئايرودرومنىڭ جەنۇبىي تەرىپى يېقىدىن ئېچىلغان ھەربىي پارات مەيدانى ئىكەن: پارات مەيدانىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە تاش بىلەن سەھنە ياسالغان بولۇپ، ئۈستىگە قىزىل گىلەم سېلىنغان ئىدى. سەھنىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىككى موما ئورنىتىلغان بولۇپ، شىمال تەرەپتىكىسىگە پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى، جەنۇب تەرەپتىكىسىگە شىمالىي رايون ساقچى قىسىملىرىنىڭ بايرىقى ئېسىلغان ئىدى، پارات مەيدانىنىڭ ئىچىگە قارامتۇل قۇم ياتقۇزۇلغان بولۇپ، تۆت ئەتراپىغا ئاق تاش بىلەن "قارشى

www.uyghurkitap.com

ئالمىز" دېگەن ئىنگلىزچە سۆزلەر چىقىرىلغان ئىدى.

چېدىرلار ئىچىدە ئەڭ چوڭ بىر رەڭلىك چېدىر زۇكتۇكنىڭ جۇڭگولۇق ھاجىلارنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇلار بىلەن تاماقتا بىللە بولۇشى ئۈچۈن تەييارلانغان ئىدى. چېدىرغا ئۇيغۇرچە ۋە ئوردۇچە يېزىلغان "زىيا ئۇل ھەق زۇكتۇكنى قىزغىن قارشى ئالىمىز!"، "جۇڭگو يولۇچىلىرىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز!" دېگەن پىلاكاتلار ئېسىلغان، چېدىرنىڭ سىرتىدا ھەممىلا يەردە رەڭگا-رەڭ لىنتىلار، بۇ لىنتىلارغا سانسىزلىغان رەڭلىك بايراقلار ۋە پاكىستان دۆلەت بايرىقى ئېسىلغان ئىدى.

بۈگۈن سۇست ۋە خوشنا كەنتلەردىكى كىشىلەر ھېيتلىق كىيىملىرىنى كىيىشكەن، ياشلار مودا بولۇپ قالغان تارپۇچقاق ئىشتان، پاناما ئىشتىنى، چىرايلىق كۆينەكلەرنى كىيىشكەن، ياشانغانلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار مىللىي كىيىملىرىنى ياكى كاستيۇم-بورۇلكا كىيىشكەن، بەزىلەر تېخى توخۇ پېيى قادالغان "قىزىل مالىخاي" كىيىشكەن ئىدى. شىمالىي رايوندىكى ئادەتتە سىرتقا چىقمايدىغان، يات ئادەملەرنىڭ يۈزىگە قارىمايدىغان ئاياللارمۇ بۈگۈن ئادەتنى بۇزۇپ تازا ياسىنىشىپ، كوللىكتىپ ھالدا يىغىن مەيدانىغا كېلىپ، زۇكتۇكنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتمەكتە ئىدى. بۇ كىشىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى ئاچىدىغان كاتتا يىغىلىش ئىدى.

سۇستنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى تاغ باغرىغا جايلاشقان ئاممىۋى يىغىن مەيدانىغا سىملىق ئاۋاز كۈچەيتكۈچى ئۈسكۈنىلەر ئورنىتىلغان، سەھنىگە گىلەم سېلىنغان بولۇپ، زۇكتۇك ئۈچۈن ساپا ئورۇندۇق تەييارلانغان ئىدى. يىغىن مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يولغا كەڭ ئەنلىك قىزىل رەخت سېلىنغان، قىزىل رەختنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئامما قوللىرىغا زۇكتۇكقا چاچىدىغان گۈل-بەرگى قاچىلانغان تەخسىلەرنى ئېلىپ زۇكتۇكنى كۈتمەكتە ئىدى.

بېيجىڭ يازلىق ۋاقتى سائەت 16 دىن بەش مىنۇت ئۆتكەندە، بىر مايسارەڭ تىك ئۇچار ئايروپىلان بۇلۇتلارنى يېرىپ سۇستنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا پەيدا بولدى. ئارقىدىنلا ئىككى تىك ئۇچار ئايروپىلان ئۇچۇپ كەلدى. بۇ چاغدا پۈتكۈل سۇست قاينام-تاشقىنلىققا چۆمۈپ، داقا-دۇمباق، سۇناي ئاۋازى، كىشىلەرنىڭ ئالقىش ۋە ناخشا سادالىرى ياڭراپ كەتتى، پاكىستاننىڭ باللار قوشۇنى رەتلىك تىزىلىپ، ئارقا-ئارقىدىن زۇكتۇكنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن شوئار توۋلىدى.

تىك ئۇچار ئايروپىلان ئايرودرومغا قونغاندىن كېيىن، پاكىستان شىمالىي رايوننىڭ مۇھىم ئەمەلدارلىرى، سابىق خۇنزا پادىشانىڭ ئوغلى قاتارلىقلار ئايروپىلاننىڭ يېنىغا بېرىپ زۇكتۇكنى كۈتۈۋالدى. مەنمۇ جۇڭگو ئەمەلدارى بولۇش سۈپىتىم بىلەن شەرەپلىك ھالدا ئاشۇ ئەمەلدارلار بىلەن بىللە زۇكتۇكنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئايروپىلاننىڭ قېشىغا باردىم. زىيائۇل ھەق زۇكتۇك تەبەسسۇم بىلەن ئايروپىلان ئىشىكىدىن چىقتى. ئۇ پاكىستاننىڭ مىللىي كىيىمىنى كىيگەن بولۇپ، ئۈستىگە كۆلرەڭ جىلىتكە كىيگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئاق كىرگەن چاچلىرى شامالدا يەلپۈنەتتى، ئورقىدىن قارىغاندا، ئۇ 60 ياشلاردا بولۇپ، تېنى ساغلام، ئۆزى روھلۇق ئىدى.

پاكىستان شىمالىي رايوننىڭ مۇھاجىرلار ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى مېنى زىيائۇل ھەق زۇكتۇكقا

تونۇشتۇرغاندا، زۇكتۇك خوشال ھالدا ئىنگلىزچە "سۇستتا جۇڭگو ئەمەلدارى بىلەن كۆرۈشكەن- لىگىم ئۈچۈن خوشالمەن" دېدى. زۇكتۇكغا ھەمرا بولۇپ، كۆزىتىشكە كەلگەنلەر ئىچىدە پاكىستان شىمالىي رايون ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ھاشىم شاھ ئەپەندىمۇ بار ئىدى، ئۇ مېنى زۇكتۇكغا: " گو ئەپەندى مېنىڭ قەدىناس دوستۇم، 1-ماي كۈنى بىز كۆرۈشكەن" دەپ تونۇش- تۇردى. زۇكتۇك خوشال ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

مىنىستىر ھاشىم شاھ ھەمرالىغىدا زىيا ئۇل ھەق زۇكتۇك سەھنىگە چىقتى. شىمالىي رايون ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى زۇكتۇكغا سالام بېرىپ، دوكلات قىلدى. مۇزىكا ئەترىتى پاكىستان- نىڭ دۆلەت شېئىرىنى ئورۇنلىدى. پارات مۇزىكىسى ئىچىدە زىيائۇل ھەق زۇكتۇك پاكىستان قونجىراپ بىخەتەرلىكنى قوغدىغۇچى قىسىملىرىنىڭ پەخرى قاراۋۇلنى كۆزدىن كەچۈردى.

پاراتتىن كېيىن، زۇكتۇك ئەپەندى كوچىغا چىقتى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپى قارشى ئالغۇچى ئامما بىلەن تولغان ئىدى. كىشىلەر زۇكتۇكغا بەس-بەستە يېڭى گۈلدىن توقۇلغان گۈلچەمبىرەك تەقدىم قىلدى ۋە گۈلبەرگىلىرىنى چاچتى. زۇكتۇك ئايرىم-ئايرىم ھالدا يول بويىدىكى خەلق بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، خىزمەت كۆرسەتكەن، ھەربىي سەپتىن قايتقانلار بىلەن سەمىمى سۆھبەتلىشىپ، ئۇلاردىن ھال-ئەھۋال سورىدى ھەم ھال سوراش يۈزىسىدىن ئۇلارغا پۇل بەردى.


زۇكتۇك تاش يولغا چىققاندىن كېيىن، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، مەن بىلەن سەمىمىي سۆزلەشتى. ئۇ ئىنگلىزچىنى ئىنتايىن راۋان، توغرا سۆزلەيدىكەن. ئۇ مېنىڭدىن سۇستنىڭ ھاۋاسىغا كۆنەلەم- دىكەنسىز؟ پاكىستاننىڭ تامىقىنىڭ تەمى ياخشىمىكەن؟ دەپ سورىدى، مېنىڭ ھەئە دەپ بەرگەن جاۋابىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، زۇكتۇك مەمنۇن ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، ئاندىن پاكىستان مۇھاجىرلار ئىدارىسىنىڭ، پاكىستان تاموژنىسىنىڭ بىز بىلەن ھەمكارلىشىش ئەھۋالىنى سورىدى. قونجىراپ ئېغىزىنى ئېچىۋەتكەندىن كېيىنكى قالتىس ياخشى ۋەزىيەتتىن زىيائۇل ھەق زۇكتۇك بەك مەمنۇن بولدى ھەمدە جۇڭگو-پاكىستان ئەمەلدارلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ سودا ئېغىزىنى ئوبدان باشقۇرۇشنى ئۈمىد قىلدى.

چوڭ چېدىردا، زىيائۇل ھەق زۇكتۇك جۇڭگولۇق ھاجىلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلاردىن پاكىس- تانغا كەلگەندىن كېيىنكى تەسىراتىنى سورىدى. ھاجىلار زىيائۇل ھەق زۇكتۇكغا قوغۇن، ئۇيغۇر- لارنىڭ دوپپىسىنى تەقدىم قىلدى، زىيائۇل ھەق زۇكتۇك قايتا-قايتا رەھمەت ئېيتتى ھەم سوغىنى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. ئاندىن زىيائۇل ھەق زۇكتۇك ئېلىمىزنىڭ ھاجىلىرى بىلەن خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتى.

سۆھبەتتىن كېيىن، زۇكتۇك ئېلىمىز يولۇچىلىرى بىلەن تاماقتا بىللە بولدى ھەمدە مېنى يېنىغا تارتىپ، پاكىستان تائاملىرىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى تونۇشتۇردى-دە، قاچامغا چوڭ بىر پارچە قوي گۆشىنى سېلىپ قويۇپ، قىزىقارلىق قىلىپ: "پاكىستاننىڭ تائاملىرى تېنىڭىزگە پايدىلىق" دېدى.

ئارقىدىن زۇڭتۇڭ ئاممىۋى يىغىن مەيدانىغا كېلىپ، نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ نۇتقىدا مۇنداق دېدى: "قونجىراپ ئېغىزىنىڭ ئېچىۋېتىلىشى پاكىستان-جۇڭگو خەلقلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشقانلىقـ
ىنىڭ نەتىجىسى، بۇنىڭدىن كېيىن، سۇست خەلقىنىڭ پاكىستان-جۇڭگو دوستلۇغىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن"، "ھەرقايسى ئەل يولۇچىلىرىنى، بولۇپمۇ جۇڭگو يولۇچىلىرىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، سۇستتا كۆپرەك مۇلازىمەت ئورۇنلىرىنى قۇرۇش كېرەك." يىغىن مەيداندا گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭراپ تۇردى، بىر مۇنچەيلەن زۇڭتۇڭنىڭ ئاۋازىنى لىنتىغا ئېلىۋالدى.

نۇتۇق ئاخىرلاشقان چاغدا، ئاما ۋەكىلى زىيائۇل ھەق زۇڭتۇڭغا چاپان، مالىقاي تەقدىم قىلدى، زۇڭتۇڭ چېچىلغان گۈلبەرگى ئىچىدە يىغىن مەيدانىدىن چىقىپ، ئاما ئارىسىدىن ئۆتۈپ ئايرودۇرۇمغا باردى، مېنىڭ ئالدىدا زۇڭتۇڭ مەن بىلەن قۇچاقلىشىپ، قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ: "سىزنىڭ پاكىستان-جۇڭگو دوستلۇغى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشىڭىزنى، سىز بىلەن يەنە دىدار كۆرۈشۈشنى ئۈمىد قىلىمەن" دېدى. زۇڭتۇڭ ئايروپىلان شوتىسىغا چىقىپ، قول پۇلاڭلىتىپ ئاما بىلەن خوشلاشتى.



# پاكىستان خەلقئارا ئىسلام ئۇنۇۋېرسىتېتى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئېلىمىزدە زىيارەتتە بولدى

ئىمسا

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، پاكىستان خەلقئارا ئىسلام ئۇنۇۋېرسىتېتى ۋەكىللەر ئۆمىكى 1986-يىل 7-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن ئېتىبارەن ئېلىمىزنىڭ بېيجىڭ، ئۈرۈمچى، تۇرپان، لەنجۇ، لىنشيا قاتارلىق جايلىرىدا دوستانە زىيارەتتە بولۇپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇللىرى ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ۋە كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى، ئۇلار زىيارىتىنى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتۇرۇپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ، مۇسۇلمانلىرىنىڭ چوڭقۇر دوستلۇقىنى ئېلىپ 30-كۈنى ۋەتىنىگە قايتتى.

ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جۇ پېييۈەن بىلەن كۆرۈشتى، ساھىپخان بىلەن مېھمانلار سەمىمىي، دوستانە پاراڭلاشتى. گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى رېن ۋۇجى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى توختى سابىر، گەنسۇ ئۆلكىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ما زۇڭلىنلارمۇ ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇلارنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بەردى. بۇ ئۆمەكتىكىلەر جايلاردا چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان 20 گە يېقىن مەسچىت، سوت مەھكىمىسى ۋە تۇرمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ھەمدە سەددىچىن سېپىلى، خان سارىيىنى ۋە باشقا مەنزىرىلىك جايلارنى ساياھەت قىلدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر مۇئاۋىن رەئىس جۇ پېييۈەن، گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى رېن ۋۇجى ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتتىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ ئېلىمىزنىڭ دىنىي سىياسىتى ۋە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلاش، جايلاردىكى ئىماملار، ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن سۆھبەت ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش، شۇنىڭدەك ئەمەلىي كۆزىتىش ئارقىلىق، ئېلىمىزدىكى ئىسلام دىنىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى خېلى ئەتراپلىق چۈشەندى، ئېلىمىزنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئەھۋالىدىنمۇ دەسلەپكى قەدەمدە خەۋەر تاپتى ۋە بۇنىڭغا قارىتا خېلى يۇقىرى باھا بەردى. مەسىلەن، ئۆمەك باشلىقى گۇر مۇھەممەت، بىز بارغانلا يەردە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان قۇرۇلۇش مەنزىرىسىنى كۆردۇق، بۇ ھال جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۈمىد كۈتۈشكە بولىدىغان مىللەت ئىكەنلىكىنى، بۈگۈنكى

دەۋرنىڭ جۇڭگوغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، دېدى. ئۇ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ماختاپ: جۇڭگو ھۆكۈمىتى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى يولغا قويۇپلا قالماي، مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىت سېلىش ئىشىغا نۇرغۇن پۇل ياردەم قىلىپتۇ. بۇ ئىش باشقا مەملىكەتلەردە ئاز ئۇچرايدۇ، بۇ چەت ئەللەرگە تونۇشتۇرۇشقا ئەرزىيدىغان ئىش ئىكەن، دېدى. ئۇ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئۆز دۆلىتى ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇشى لازىم، بىر ئوبدان مۇسۇلمان دىنىي بىلىملەرنىمۇ خەۋىرى بار، مەدەنىيەت-پەن بىلىملىرىدىنمۇ خەۋىرى بار، دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىدىغان ئوبدان پۇقرا بولۇشى لازىم، دەپ قارىدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى، جۇڭگو-پاكىستاننىڭ دوستانە مۇناسىۋىتى خەلقئارادا دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈلگىسى، دەپ كۆپ قېتىم تەكىتلىدى. ئۆمەك باشلىقى جۇڭگو-پاكىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ قېرىنداشلارچە دوستلۇقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، پاكىستان تەرەپ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىككى ئىشنى قىلىپ بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى:

1. جۇڭگولۇق ھاجىلارغا قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىش: 7-ئاينىڭ 12-كۈنى زىيائۇلھەق زۇڭتۇڭ ئىسلامئاباد ھەج مەركىزىنىڭ پۈتۈش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇ مەركەز جۇڭگولۇق ھاجىلارنى ھەقسىز ياتاق ۋە تاماق بىلەن تەمىنلەيدۇ.

2. پاكىستان خەلقئارا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن ئىمام ۋە ئىسلام ئۆلىمالىرىنى يېتىشتۈرۈپ بېرىشتە ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بېرىشنى خالايدۇ.

ئاخىردا مېھمانلار جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ قىزغىن تەكلىپىگە ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت مەسئۇللىرىنىڭ، مۇسۇلمانلارنىڭ قىزغىن دوستانە كۈتۈۋالغانلىقىغا ۋە چەكسىز غەمخورلۇقىغا قايتا-قايتا تەشەككۈر ئېيتتى ھەمدە جۇڭگو-پاكىستان ھۆكۈمىتى، خەلقى ۋە مۇسۇلمانلىرىنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

# تەقرىز نامە

## ــــئۇيغۇرچە قۇرئان تەپسىرىنىڭ نەشىر قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

### هاجى هامىت مەھمۇدى

بسم الله الرحمن الرحيم

(بىسمىللا ھىررەھمانىر رەھىم)

قەلەمىم يازدى "بىسمىللا" نى تەقرىز ئىپتىداسىغا،[1]
تىلەپ زور خەيرى-ئېھسانىنى كىتابىنىڭ ئىنتىھاسىغا.[2]

قاراڭ، ئىسلامىيەت گۈلزارىدا ئاچىلدى بىر غۇنچە،
ئېرىشتى بارچە دەرتمەن دەردىنىڭ ياخشى داۋاسىغا.

بۈگۈن ئۇيغۇرچە قۇرئان تەپسىرى دۇنياغا كەلگەندە،
ئېرىشتى ئەھلى ئىسلامنىڭ تۈمەن مىڭ مەرھەباسىغا.

مۇسۇلمان چېھرى چەكسىز ئىپتىخارلىق ھېس بىلەن تولدى،
ئۇلاشقاچقا كۆڭۈللەر تويغۇدەك روھنىڭ غىزاسىغا.

مۇھەممەد مۇستاپانىڭ ئۇممىتى بولغاچقا بىز شەكسىز،
يېتىشتۇق ئىلمى ھېكمەت غەزنىسىنىڭ چىن مىراسىغا.

بۈگۈن زەپ بەھرىمەن بولدۇم ئوقۇپ ئۇيغۇرچە قۇرئاننى،
قۇلاق بەردىم ئەجەپ ئۆز تىل بىلەن تەڭرىم نىداسىغا.[3]

* * *

---

① "ئىپتىداسى" ــ بېشى.
② "ئىنتىھاسى" ــ ئاخىرى.
③ "نىدا" ــ چاقىرىق.

قىلىپ كەڭ تەرجىمە قۇرئان كېرىمنى غەيرى مىللەتلەر،
ئېسىلدى ئۆز ئىشىدا بۇ ھەقىقەتنىڭ چىناسىغا.

بىراق ئۇيغۇر تىلىدا بولمىغاچ ئۇ تەرجىمە ـ تەپسىر،
ئەجەپ قالدۇققۇ بىز بىدئەت ـ نادانلىقنىڭ بالاسىغا.

بولۇر قۇرئان "ئۇلۇغ تەۋھىد، ئۇلۇغ تارىخ، ئۇلۇغ پەرمان"،
ئەمەلسىز ئېتىقاد قىلساق، قالۇرمىز ھەق قىساسىغا.

ئەجەپ بىز ھەقتە ئاللانىڭ كالامىغا خىلاپ ئەيلەپ،
ئېسىلماپتۇق ئۇنىڭ شۇ ئەدلى ئارغامچا ـ تاناسىغا.

ئۇلۇغ قۇرئان كېرىم دىنىي پرىنسىپتا تۇرار مەھكەم،
پەقەت يول قويمىغاي مەزھەپچىلىك سۈلھى ـ سالاسىغا.

كالا مۇللا مۇسۇلمان ئەھلىنىڭكى ئۆلچىمى تۇرسا،
ئەمەل قىلماي، چۈشۈپ كەتتۇق جاھالەتنىڭ ئوراسىغا.

تۈمەنلەپ "ئۈژمەپىش، ئاغزىمغا چۈش" دەپ سىيرىسا تەسۋى،
نىجات بەرمەس خۇدا سەيئى ـ سەۋەبسىز بۇ تاماسىغا.

خۇدا "ئىقرەئ"① دېگەن تۇرسا، ئۇنىڭ ئەكسىچە يول تۇتتۇق،
ئاخىردا ئايلىنىپ قالدۇق تەبىئەتنىڭ چاكاسىغا.

دېمەك، بىزلەردە كۆپ قۇرئان كېرىمدىن چەتلىگەن نۇقسات،
ئېزىپ يولدىن كىرىپ قالغاچ ئېزىتقۇ دەشت ـ دالاسىغا.

جۇلالاپ تۇرسا بىزنىڭ ئۆلكىمىزدە گۈل ـ چىمەن يايلاق،
مۇيەسسەر بولمىدۇق دەرتكە داۋا "مېھرىگىيا" سىغا.

ئەسىرلەردىن بېرى بىزگە سىڭىشتى كۆپ خۇراپاتلىق،
ئەجەپمۇ ئۇچرىدۇق كۆپلەپ ئۇنىڭ يولسىز جازاسىغا.

سەۋەب: قۇرئان كېرىمنىڭ روھىدىن قالدۇق بولۇپ مەھرۇم،
ئۇنىڭ زامىنلىرى قالدى ئاخىر ئەلنىڭ تاپاسىغا.

* * *

① "ئىقرەئ" — ئوقۇ.

جاھالەت تىغلىرى قىلغان ئۇدى دىللارنى كۆپ مەجرۇھ،
قويۇلدى مىسلى بىر مەلھەم بۇگۈن شۇ دىل ياراسىغا.

ۋۇجۇتقا چىقتى ئەجدادىم يېتەلمىگەن ئۇلۇغ مەتلۇب،①
شۇڭا رەھمەت ئۇ‌قۇيمىز پارتىيە دىنىي سىياسىغا.

گۇنا سادىر قىلىشنى ئەمدى توسقاي بۇ بۈيۈك قانۇن،
سوقالغاچ بىر سېپىل شۇم نەپسى شەيتان ئۈشتاھاسىغا.

بۇگۈن تەككەچلەر مۆمىنلەر قولىغا ئۇشبۇ ئەنگۈشتەر،
ئۇنى ئەينەك قىلىپ ھەركىم قارار ئۆزىنىڭ قاراسىغا.

بۇرۇن ھەقنى چۈشەنمەستىن جىنايەت ئىشلىگەنلەرمۇ،
تىرىشقاي ئەمرى ھەقنىڭ ئەمدى چوڭقۇرراق ئاداسىغا.

سەۋەبىنىڭ ئالىمى بۇ — ئىمتىھان مەيدانى بۇ ئالەم،
ئۆتەيلى ھەممە "ئەلا" قاتنىشىپ ھەقنىڭ سىناشىغا.

تەلەپ قىلماس ھەقىقەت ھېچ قاچان يولسىز مۇناقىشنى،①
قوشۇلمايمەن ئاسارەتنىڭ خۇراپى كۆز قاراشىغا.

دېمەك، مەنمۇ مۇسۇلمان ئەھلى بولغاچقا بىخۇد بولماي،
كېيىن قالماي،... دېدىم ھەسرەت-پۇشايماننىڭ ئىزاسىغا...

بۇ تەقرىز نامىنى چوڭقۇر ھاياجان ئىچرە مەن يازدىم،
خوشاللىق ياشلىرىمنىمۇ يامرىدى خەتنىڭ سىياسىغا.

مىراد پونتانلىرىمنىڭ شاۋقۇنى قوزغاتتى ھېسسىمنى،
قۇلاق سال دىن قېرىنداشلار يۈرەكنىڭ بۇ سادىسىغا.

ۋەتەن پەرۋانىسى كۆن-تۈن كۆيۈپ بۇ ئىشقى گۈلخاندا،
يېتەر بۇ ئىلمى-ھېكمەت ئارقىلىق ئۆز مۇددىئاسىغا!

---

① "مەتلۇب" — تەلەپ قىلىنغان نەرسە.

① "مۇناقىش" — تالاش-تارتىش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# دۇنيا مۇسۇلمانلىرى كېڭىشى ۋەكىللەر ئۆمىكى تەكلىپكە بىنائەن جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى

دۇنيا مۇسۇلمانلىرى كېڭىشىنىڭ رەئىسى مەرۇپ داۋالىبى ئۆمەك باشلىقى بولغان، توققۇز كىشىدىن تەركىب تاپقان دۇنيا مۇسۇلمانلىرى كېڭىشى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، 1986-يىل 10-ئاينىڭ 7-كۈنى بېيجىڭغا كېلىپ 11 كۈن دوستانە زىيارەتتە بولدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكىنى زىيارەت مەزگىلىدە مۇئاۋىن زۇڭلى ۋەن لى ۋە مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ پەخرى مۇدىرى بۇرھان شەھىدى قوبۇل قىلدى. بۇ ئۆمەكتىكىلەر جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى، مۇدىر جاڭ جيې، مۇئاۋىن مۇدىر شېن شياشى، ماشيەن، ئەخمەت ۋاجىدىلار ۋە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتچىلىرى ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. مېھمانلار بىلەن ساھىپخان سەمىمىي، دوستانە سۆھبەتلەشتى. مۇدىر جاڭ جيې ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەرگە زىياپەت بەردى.

دۇنيا مۇسۇلمانلىرى كېڭىشى ۋەكىللەر ئۆمىكى مۇئاۋىن مۇدىر ماشيەننىڭ ھەمراھلىقىدا بېيجىڭ، شىئەن، لەنجۇ، لىنشيا ۋە گۇاڭجۇ قاتارلىق جايلاردا زىيارەتتە بولدى، ئۇلارنى ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ رەھبەرلىرى قوبۇل قىلدى ۋە جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

دۇنيا مۇسۇلمانلىرى كېڭىشى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئېلىمىزدە زىيارەتتە بولغان مەزگىلدە، مەسچىتلەرنى ۋە ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتلىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى ھەمدە ئاخۇنۇملار بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئۆمەك باشلىقى دوكتور مەرۇپ ئېلىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى كۆپ قېتىم ماختاپ، ئېلىمىز ھۆكۈمىتىنىڭ مۇسۇلمانلارنى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن قىلغانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتتى. بۇ ئۆمەك 10-ئاينىڭ 18-كۈنى گۇاڭجۇدىن شياڭگاڭ ئارقىلىق ۋەتىنىگە قايتتى.

(سەئدى)






بېيجىڭدىكى مۇسۇلمانلار سودا بىناسىغا ئۇل سېلىندى.

(كايفېڭ فوتوسى)




1986 ـ يىلى، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى هەج ـ تاۋاپ ئۆمىكىدىكى بىر قىسىم هاجىلار ئەرەفات تېغىدا سۈرەتكە چۈشتى.

(سۈرەتنى گۇاڭ لىن ئەۋەتكەن)



نىڭشيا، گەنسۇ، يۈننەن، چىڭخەي قاتارلىق ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلاردىن كەلگەن هەج ـ تاۋاپ ئۆمىكىدىكى هاجىلار بېيجىڭدىن قايتىش ۋاقتىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە لەۋهە تەقدىم قىلدى.

(ۋاڭ سۇڭ فوتوسى)

www.uyghurkitap.com

بۇ ژورنالنىڭ تەرجىمە-تەھرىرلىكىنى خوجائابدۇللا ئوسمان، ئوسمان مۇللەك، ماشىگرېن، نۇربىيە ئەزىز، ئالىمجان سابىت ئىشلىدى.

中国穆斯林（维吾尔文版）1987年 第1期（总26期）

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى 1987 - يىل 1 - سان

| | |
|---|---|
| 出版：中国穆斯林编辑部<br>地址：北京宣武区南横西街103号 | نەشر قىلغۇچى: جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى تەھرىر بۆلۈمى<br>(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى غەربىي نەنخېڭجېي كوچىسى 103 - قورا) |
| 印刷：民族印刷厂 | باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇدى |
| 制版：北京市制版厂 | |
| 订购发行：北京伊斯兰教经书流通处<br>地址：北京宣武区南横西街103号 | تارقاتقۇچى ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: بېيجىڭ ئىسلام دىنى كىتابلىرىنى سېتىش ئورنى<br>(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى غەربىي نەنخېڭجېي كوچىسى 103 - قورا) |

北京市期刊登记证第837号 • 公开发行 • 每册定价：0.40元